موللا ھاجى

# بۇغراخانلار تەزكىرىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇغراخانلار تەزكىرىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن

中國少數民族古籍

ISBN7 — 5373 — 0084 — 4/K·5

باھاسى: 7.00元


192564 I291.54 U-97

موللاحاجى


# بۇغراخانلار تەزكىرىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى


نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت
مۇھەررىرى: قۇربان ۋەلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان



سىيىد ئېلى سەمەرقەندى قولىيازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى


بسم الله الرحمن الرحيم

مۇللاھاجى قولىيازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى



تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قوليازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى

# مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ..............................................

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن .............................. 1

مۇقەددىمە ........................................ 22

بىرىنچى باب ...................................... 37

ئىككىنچى باب ..................................... 78

خاتىمە ........................................... I39

# مۇھەررىردىن

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشى شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر چوڭ ئۆزگىرىش. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ چوڭ تارىخىي ئۆزگىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك، ئەمما تېخى تولۇق پايدىلىنىلمىغان نۇرغۇن قولیازمىلار ساقلانماقتا (بەزىلىرى تېخى بايقالمىدى). شۇنداقلا بۇ كىتابلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي بايانلارنىڭ بەزىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىق بايان قىلىش، توغرا يەكۈنلەش ئۈچۈن يازما مىراسلارنى تېخىمۇ كۆپ توپلاش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كىتابخانلارنىڭ بۇنداق بىر چوڭ تېمىنى تەتقىق قىلىش ئىشىغا پائال قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» («بۇغراخانلار تەزكىرىسى») ناملىق قولیازما ئەسىرى يەشمە شەكلىدە نەشرگە تەييارلاندى.

«بۇغراخانلار تەزكىرىسى» خۇراپىي ئەپسانىلەر چىرماپ تۇرغان تارىخىي كىتاب. ئۇنىڭدا ئىسلام نەزەرىيەلىرى يول قويمايدىغان ئەپسانىلەر خېلى كۆپ، شۇن-

ھاقلا، ئەينى زاماندا ئىسلامدىن ئۆزگە دىنلارغا ئېتى-
قاد قىلغان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن خاتا
چۈشەنچىلەر بار. بۇ تەزكىرىدە يەنە ئۆزئارا زىت
بايان - تەسۋىرلەرمۇ ئاز ئەمەس. تەزكىرىدىكى بۇن-
داق ئېغىر مەسىلىلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەسەردىكى كۆپ ساندىكى
يىلنامىلار، تارىخىي شەخسلەر، يۇرت ناملىرى قاتار-
لىقلار يەنىلا بۇ تارىخىي جەرياننى تەتقىق قىلىشتا
مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

بۇ كىتاب، نەشرگە تەييارلىنىپ بولغاندا ئورنىگە-
نالىنى يولداش ئىمىنوپ ھامىت يەنە بىر قېتىم كۆز-
دىن كەچۈرۈپ بېكىتتى.

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

كىتاب موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (تەزكىرەتۇل بۇغراخان) ناملىق قولىيازمىسى (تۆۋەندە موللا ھاجى قولىيازمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) ئاساس قىلىنىپ، قادىر ئاخۇن كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى قولىيازمىلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

موللا ھاجى XIX ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن ئەدىب. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدىن باشقا يەنە تارىخچى ئالىم شەيخ ھەيدەرى بىلەن بىرلىكتە يازغان «جەڭنامەيى ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام» ناملىق يىرىك تارىخىي ئەسىرى بار.

موللا ھاجى قولىيازمىسى 30 × 18 سم چوڭلۇقتىكى قېلىن قاتلانغان خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن قارا سىيادا يېزىپ تۈپلەنگەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى جەمئىي 102 بەت. ھەر بىر بېتىدىكى خەتلەرنىڭ قۇر سانى ئوخشاش ئەمەس. بۇ قولىيازما ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

موللا ھاجى نۇسخىسىنىڭ بىرىنچى بەت يۇقىرى

قىسمىغا «بىشۇلايەتى كاشغەر تابە خانئېرىق قىزىل يۇلغۇن تۇردى ئۇنبېشلەر ئەلئان ساھىبى كىتاب ئۇلارنىڭ بولدى، تارىخقا بىرمىڭ ئۇچيۈز ئەللىك بىرە ماھى شەئبان» دەپ يېزىلغان. بۇ خەتلەرنى يازغان قەلەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئىشلەتكەن سىيانىڭ رەڭگى قاتارلىقلار كىتاب تېكىستى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ قولىيازما تۇردى ئۇنبېشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1351 - يىلى (مىلادى 1932 — 1933 يىللىرى) 5 - ئايدا مەلۇم بىر كاتىپقا ئەسلى قولىيازمىدىن كۆچۈرگۈزۈلگەن ياكى سېتىۋېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

موللا ھاجى نۇسخىسىنى ھازىرقى شارائىتتا، خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇغراخانلار تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب، تەزكىرىلەردىن پايدىلىنىپ بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قولىيازما جەمئىي تۆت قىسمىدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمىدا (بىز «مۇقەددىمە» دەپ ئاتىدۇق) سامانىلار خانلىقى (870 - 1000 - يىللار) نىڭ شاھزادىسى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ كەسپى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىلىم مەرتىۋىسى تونۇشتۇرۇلغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاراخانىلار پايتەختى قەشقەر (ئوردۇكەنت) گە كېلىپ سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى ئىزلەپ تاپقانلىقى ۋە ئۇنى مۇسۇلمان قىلىش جەريانى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسىم (بىرىنچى باب) دا خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام

دىننى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر خىل پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھېكايە قىلىنغان. ئۈچىنچى قىسىم (ئىككىنچى باب) دا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىدىن (ھەسەن بۇغراخان، (ھۈسەيىن بۇغراخان، سەيىد ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخانلارنىڭ بۇددىستلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان غازاتلىرى بايان قىلىنغان. تۆتىنچى قىسىم (خاتىمە) دا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بۇددىستلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن مادايىنغا بېرىپ ئىمام نەسىرىددىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنى باشلاپ كەلگەنلىكى، تۆت ئىمامنىڭ ياردىمىدە بۇددىستلارنى ئىسلامغا تەلتۆكۈس كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

ئاپتور ئۆز كىتابىنى نېمە ئۈچۈن تۆت قىسىمغا بۆلگەنلىكىنى «ئادەم ۋۇجۇدى تۆت ئەناسىردىن تەركىب تاپقاندەك، بۇ مەجمۇئەنىمۇ تۆت جۇزئى بىلەن يەنى بىر مۇقەددىمە، ئىككى مۇتالىئە ۋە بىر خاتىمەبىلەن تامام قىلدىم.» دەپ ئىزاھلىغان. دېمەك، بۇ كىتاب تۆت ئەناسىرغا تەقلىد قىلىنغان كومپوزىتسىيە شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئورگانىك بىرلىككە ئىگە، تەرتىپلىك، سىستېمىلىق مۇكەممەل قىلىشقا

قىرىلىشقان.

ئاپتور بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا، بۇ ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دەپ ئات قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ تارىخقا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشقا يەنە ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى، ھەزرىتى سەييىد ئەلى ئارسلانخان غازى ۋە ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرىنى كىرگۈزۈشنى كۆزلەپ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دەپ نام قويدۇم» دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەسەردىكى مەزمۇنلار يالغۇز سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيىتىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇنىڭدا يەنە كېيىنكى باشقا بۇغراخانلارنىڭمۇ پائالىيىتى بايان قىلىنغان. بۇنداق قىلىش ئاپتورنىڭ خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قىلىنغان. شۇڭا ئاپتور كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا سۆز قىستۇرۇپ، «بۇنى مەن پەقىر، كەم سالاھىيەت، ئاجىز موللا ھاجىدىن تەلەپ قىلدى. مەن بۇ مۇلتەمەسنى① ئۈستۈن بىلىپ ۋە ماقۇل كۆرۈپ، ھەزرىتى بۇغراخانلار تارىخىغا ئائىت كىتابلاردىن، ئۆزگە كىتابلار ۋە تەزكىرىلەردىنمۇ راست رىۋايەتلەرنى جەمئى قىلدىم» دەيدۇ.

كىتابنى يېزىپ چىقىشقا تەشەببۇس قىلغان شەخسنىڭ نامى مەلۇم ئەمەس. ئاپتورنىڭ

---

① مۇلتەمەسنى — ئىلتىماسنى.

سەۋەبلىكىدىنمۇ ياكى كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەبلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر كىتابقا يېزىلماي قالغان. بىراق، ئەسلى قوليازمىنىڭ ھىجرىيە 1245 – يىلى (مىلادى 1829 – 1830 – يىللىرى) يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، «بۇ شەخس زوھۇرىدىن ھېكىم بەگ بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى 19 – ئەسىرنىڭ 30 – ، 40 – يىللىرىدا قەشقەرگە ھاكىم بولغان زوھۇرىدىن ھېكىم بەگ (تاجى ھېكىم بەگ) مەرىپەتنى ياقىلايدىغان، ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق زات بولغاچقا، ئۇ ئەينى دەۋردە ئىلىم ئەھلىلىرىنى قوللىغان، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە مەدەت بەرگەن. شۇ زاماندا ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئالتۇن دەۋرى ئېچىلغان.

ئاپتور مۇللا ھاجى ئۆزىگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن بۇغراخانلارغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەن. باشقا جەھەتلەردىنمۇ ئەتراپلىق ئىزلەنگەن. توپلىغان ماتېرىيال رىۋايەتلەرنى ئايەت، ھەدىس ۋە ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. شۇنداق قىلىپ بۇغراخانلار ھەققىدىكى باشقا تەزكىرىلەردىن مەزمۇنىنىڭ موللىقى، سىستېمىلىقى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» نى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ قوليازمىنى بۇغراخانلارغا ئائىت تەزكىرىلەر

ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل ئەسەر دېگىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنى يەنىلا بۇغراخانلار ھەققىدىكى بىردىنبىر تولۇق تەزكىرە دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇغراخانلارغا ئائىت يەنە بىر قىسىم تەزكىرىلەر تېخى ئاشكارىلانغىنى يوق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە موللاھاجى بىلەن زاماندىش ئۆتكەن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان بەزى ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە موللا ھاجىنىڭ كىتابىدا زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارالغان بەزى ۋەقەلەرنى، نەزمىلەرنى قوشۇپ، تولۇقلاپ يازغان تەزكىرىلەرمۇ بار. مەسىلەن، يەكەن كاچۇڭلۇق رەھمەت باينىڭ ئوغلى مۇھەممەت يار تەرىپىدىن كاتىپ قادىر ئاخۇن بىلەن ھۆسەيىن خەلپەتكە پۈتكۈزگەن «تەزكىرەئى بۇغراخان»، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم (مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ 19 - ئەسىردىكى شەيخلىرىدىن بىرى) يازغان «بۇغراخان تەزكىرىسى» دېگەن كىتابلار بار. بۇ قېتىم «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»نى نەشرگە تەييارلاشتا، بۇغراخانلار ھەققىدە ئىمكانىقەدەر تولۇقراق مەلۇمات بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ئىككى تەزكىرىدىنمۇ پايدىلىنىلدى. موللاھاجى نۇسخىسىنىڭ ئىككىنچى بابى بىلەن تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكى كەم بولغان خاتىمە بابى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى قولىيازمىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلاندى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن سەيىد ئەلى ئارىسلانخانغا بېغىشلانغان ئىككى مەرسىيە كاتىپ قادىر ئاخۇننىڭ قولىيازمىسىدىن ئەينەن ئېلىندى.

بۇ تەزكىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ شىن-

جالغىغا قانداق تارقالغانلىقىنى، بۇ دىنىنى تارقىتىشىدا
مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىسلام تەرەپدار-
لىرى ئېلىپ بارغان ئىنتايىن زور قانلىق جەڭ - كۈرەش-
لەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ
ئىچىدە ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن سۇلتان ساتۇق بۇغ-
راخانغا دائىر بايانلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

تەزكىرىلەرگە ۋە باشقا تارىخىي خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا، ئەبۇ نەسىر سامانى ھىجرىيە 270 -
يىلى (مىلادى 883 - 884 - يىللىرى) مەدىنىدە ئە-
مەس (خوراساندا) سامانى شاھزادىلىرىدىن بىرىنىڭ
ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا
دىنىي تەربىيىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىلمى باتىن (مەخ-
پى ئىلىم) ۋە ئىلمى زاھىر (ئاشكارا ئىلىم) نى ئىگىلەپ
پىركامىللىققا يېتىپ، تەدبىرلىكى، ئالاقە - مۇناسىۋەتتى-
كى چېۋەرلىكى بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋ-
رى سامانىلار سۇلالىسىدا ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت ھا-
كىمىيەت بېشىدا تۇرغان زامانغا توغرا كېلىدۇ. شۇ
زاماندا ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت بىلەن قاراخانىلار
خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانلىرىدىن ھارۇن بۇغرا-
خان (بەزى تەزكىرىلەردە «ھارۇن بۇغراخان»، «مۇسا
بۇغراخان»، «بارخان»، «دۇرۇم بۇغراخان»، «خاقان
بارىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى-
دە مىلادى 880 - 915 - يىللاردا ھاكىمىيەت
بېشىدا تۇرغان. تەزكىرىلەردە ئۇنى سۇلتان ساتۇق
بۇغراخاننىڭ ئاتىسى دېيىلگەن)، قادىرخان ئوغۇلچاق

(بەزى كىشىلەر قىدىرخان ئوغۇلچاق دەپمۇ ئاتايدۇ)لار ئوتتۇرىسىدا قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى پايتەختلىرىنىڭ بىرى بولغان تالاس (قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى پايتەختى بالاساغۇن. ئىككىنچى پايتەختى تالاس ئىدى)نى قالدىشىش جېڭى تازا ئەۋج ئالماقتا ئىدى.

ھىجرىيە 280 - يىلى (مىلادى 893 - 894 - يىللىرى) ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت قادىرخان ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن تالاسنى تارتىۋالغان ۋە ئۇنىڭ 15 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى، ھەتتا خوتۇنىنىمۇ ئەسىرگە ئالغان. بۇ چاغدا قادىرخان ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ (قەشقەرنى ئىككىنچى پايتەخت قىلىپ) بىر مەزگىل كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، سامانىلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر خىل زىددىيەتلەر راسا ئەۋج ئالغان بىر پۇرسەتتە، ھىجرىيە 291 - يىلى (مىلادى 903 - 904 - يىلى) 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تالاسقا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن بۇ ئۇرۇشتىن دەرھال نەتىجە چىقمىغان (بۇ ئۇرۇش ھىجرىيە 318 - يىلى يەنى مىلادى 930 - يىلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تەختكە چىقىپ، سامانىلار قولىدىن تالاسنى تارتىۋېلىپ قەشقەرنى قاراخانىلارنىڭ بىرىنچى پايتەختى قىلغۇچە داۋاملاشقان).

شۇ زاماندا، بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى قاراخانىلار ئىسلام ئېتىقادىدىكى سامانىلارغا ھەر ۋاقىت كۈچلۈك تەھدىت بولۇپ تۇرغان. سامانىلار ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى

كۈندىن كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقان فېئودال ھۆ-
كۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر
ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ئانچە
ئېتىبار قىلمىغانلىقتىن، غەزنە، گۇرجىستان، خارەزىم،
ئىسپىجاب قاتارلىق جايلاردا ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت-
كە قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئارقا - ئارقىدىن
يۈز بېرىپ مەركىزدىي ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق-
تەك بۆلۈنمە ھالەت شەكىللىنىپ قالغان. (ئىسمايىل ئىب-
نى ئەخمەت) بىلەن (ئوغلى ئەخمەت ئىبنى ئىسمايىل
ۋە (ئىنىسى ئىسھاق ئىبنى ئەخمەت) ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
ئۆتكەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىمۇ سامانىيلار قوشۇ-
نىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان تۈركلەرنىڭ
باشباشتاقلىق قىلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىپ، بۇنىڭ
بىلەن سامانىيلارغا بولغان تەھدىت تېخىمۇ كۈچىيىپ
كەتكەن. سامانىيلار خانلىقى سىرتقا ئەسكىرىي كۈچ
ئىشلىتىش يولى بىلەن بۇ تەھدىتتىن قۇتۇلۇپ كېتىشى
مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلار قاراخانىيلار خانلىقى-
نى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش يولىنى تۇتۇپ، ھىجىر-
رىيە 304 - يىلى (مىلادى 916 - 917 - يىللىرى)
سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى خوجا ئەبۇ نەسىر
سامانىينى سودىگەر قىياپىتىدە ياساپ 70 كىشىلىك سودا
كارۋىنى بىلەن قەشقەرگە يولغا سالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، مىڭ يول (ھازىر دېيىلىۋات-
قان «يىپەك يولى») تۈگۈنىگە جايلاشقان قەدىمكى شە-
ھەر — قەشقەر ئاھايىتى ئاۋات سودا مەركەزلىرىدىن بى-

رى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى
سودا باھانىسى بىلەن كارۋان باشلاپ ھېچبىر توسقۇن-
لۇقا ئۇچرىماستىن قەشقەرگە ئاسانلا كىرىپ، ئاتۇش-
نىڭ («باقۇ») دېگەن يېرىدە خاقان (ئوغۇلچاقنىڭ) ئازا-
رىتىدە تۇرۇۋاتقان سۇلتان ساتۇقنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇ-
نىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچراشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجا
ئەبۇ نەسىر سامانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى ئىسلام-
غا كىرگۈزۈپ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى ئومۇم-
لاشتۇرۇش ئىشىغا ياردەملىشىپ، ئاخىرى ھىجرىيە 341-
يىلى (مىلادى 952 - 953 يىللىرى) دا كۆز يۇمغان، ئۇ-
نىڭ جەسىتى ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە دەپنە قىلىنغان.

بارۇن بۇغراخان ئوغلى سۇلتان ساتۇقنىڭ ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن،
ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. بىراق ئانىسىنىڭ يەنە بىر
قېتىملىق ئارىچىلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ سامانى-
لارنىڭ تەسىرى يىراق بولغان قەشقەرنىڭ ئاتۇشقا
سۈرگۈن قىلىنغان... بارۇن بۇغراخان سۇلتان ساتۇقنى
ئىز باسارلىقتىن مەھرۇم قىلىپ، ئورنىغا قادىرخان ئوغۇل-
چاقنى خانلىق تەختىگە چىقارغان. سۇلتان ساتۇق نە-
زەربەنتتە تۇرۇۋاتقاندا، ئۆز ئەتراپىدىكى ئىسلامغا ئېتى-
قاد قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن يېقىندىن باردى - كەل-
دى قىلىپ، مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىدىغان
بىر تەشكىلات قۇرغان، كېيىنچە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەم
سانى بىرقانچە مىڭ كىشىگە يەتكەن (تەزكىرىلەردە 12
مىڭ دېيىلىدۇ)... ھىجرىيە 318 - يىلى (مىلادى

930 - يىلى) سۇلتان ساتۇق تەشكىلات ئەزالىرىدىن 600 يىگىتنى تاللىۋېلىپ، بىر كېچىدە قادىرخان ئوغۇلچاقنىڭ ئوردىسىغا مەخپىي باستۇرۇپ كىرىپ، 400 دىن ئارتۇق جەڭ ئېتى، يېتەرلىك قورال-ياراق، ئوزۇق-تۈلۈك ئولجا ئېلىپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تۈگە تاغى① دېگەن جايغا كېلىپ يوشۇرۇنغان. ئەتىسى قادىرخان ئوغۇلچاق 40 مىڭ لەشكەر بىلەن تۈگە تاغىنى قورشاپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى ئەقىدە تەرەپدارلىرى — ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ جان تىكىپ جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا مەغلۇپ بولغان. قادىرخان ئوغۇلچاق ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئاخىر سۇلتان ساتۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. سۇلتان ساتۇق شۇ يىلى قەشقەردە قاراخانىلارنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىپ، ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان «قاراخان» دېگەن نامنى، «باتۇر، قەھرىمان، جەسۇر، شىجائەتلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «بۇغرا» ئۇنۋانىنى قوشۇپ، ئۆزىنى «سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىغان، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن قەشقەرنى بىرىنچى پايتەخت قىلغان.

سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ھاكىمىيەت بېشىغا

① سەيىد مەھەممەد سەمەرقەندى يازغان بۇغراخان تەزكىرىسىدە بۇ جاي «ئاھۇن تېغى» دەپ ئاتىلىدۇ.

چىقتاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 330 - يىلى (مىلادى 941 - 942 - يىللىرى) غىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەننى «غازات» ئارقىلىق ئىسلامغا ئىتائەت قىلدۇرغان. ھىجرىيە 330 - يىلىدىن كېيىن بىلاد ساغۇن، بارىسغان، يەتتە سۇ، سۇياپ قاتارلىق جايلارغا، شۇنداقلا ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى باشقا جايلارغىمۇ يۈرۈش قىلىپ ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرغان ۋە ئالاسىنى سامانىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. سامانىلار خانلىقىمۇ قاراخانىلار زېمىنىدە ئۇزۇندىن بويان ئۆزلىرىگە تەھدىت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قۇدرەتلىك بوددىزىم كۈچىنى يوقىتىپ، ئۇ دىياردا ياشىغۇچى ئاھالىلەرنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاتا-بوۋىلىرى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلالمىغان بۇنداق مۇشكۈل ۋەزىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. ئۇ ئۆز تەۋەسىدىكى كەشمىر، ماۋرەئۇننەھر، خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئۆلىمالار سۇلتان ساتۇققا ئەرەبچە «ئابدۇلكەرىم» دەپ ئات قويغان. سۇلتان ساتۇقمۇ بۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلغان (قاراخان ساتۇق ئابدۇلكەرىم دەپ ئاتالغان).

سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان مىلادى 948 - يىلىدىن كېيىن ئاتاسى كۆچىنى كۇچار ۋە تۇرپاندىكى① بۇددا دىنىنىڭ جاھىل قورغانلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا قا-

راتقان. بىر قانچە يىللىق قاتتىق جەڭ ئارقىلىق كۈ-
چار بىلەن تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى قورال كۈچى ئالدى-
دا بويسۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جايلاردىكى ئاھالىلە-
رنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىنى تامامەن قوبۇل
قىلىپ كېتەلمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، سۇلتان ساتۇق
بۇغرا قاراخان ھىجرىيە 341- يىلى (مىلادى 952 - 953-
يىللىرى) قومۇل ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىسلام
ئىچىشقا تەييارلىق قىلغان. دەل شۇ چاغدا ئۇستازى
ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ
كەلگەنلىكتىن، ئۇ دەرھال يۈرۈشنى توختىتىپ قەشقەر-
گە قايتقان، ئۇستازىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن
كېيىن، ياندۇرقى يىلى ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئە-
بۇلپەتتاھ بىلەن ئەسلىدىكى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا
ئاتلانغان. بۇ جايلاردىكى بۇددا ئېتىقادىدا ياشاۋاتقان
ئاھالىلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن جەڭ ئۇزۇن-
غا سوزۇلغان. ھىجرىيە 343 - يىلى (مىلادى 954 -
955 - يىللىرى) سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان كېسەل
سەۋەبى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە بىر يىلدىن
كېيىن ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ جەسىتى ھايات ۋاقتىدى-
كى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە يۆتكەپ
ئاپىرىلىپ، ئۇستازى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ يې-
نىغا قويۇلغان، دېمەك، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، خۇد-
دى تەزكىرىلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، توقسان ئالتە ياشقا
كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئالتاي تاغلىرىدىن ئومۇد دەر-
ياسى ۋادىلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى-

دىكى قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىدىن كۆك مەنزىل (كۆكنۇر كۆلى) رايونلىرىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدە قىلىچ بىلەن ئىسلام ئېچىپ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن.

سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قوچۇ (تۇرپان) خانلىقى بىلەن خوتەن خانلىقىدا ئىسلامغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ ئىسلامدىن بۇددا دىنىغا قايتىش باشلانغان. بۇ چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ سۇلتان ساتۇقنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سۇلايمان، ئۇسمان، ھۇسەيىن، نەسىپ تۇركان خېنىم، نۇر ئالانۇر خېنىم، بى بى مەريەم خېنىم قاتارلىق يەتتە ئوغۇل - قىزىنىڭ ئىچىدە، چوڭ ئوغۇل مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم قاراخان (بايتاش) ① ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئەبۇلپەتتاھ بىلەن بىرلىكتە قوچۇ خانلىقىغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان. ئۇلار گىنگىت (قارا شەھەر) نى قوچۇ خانلىقىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۇنى مەركىزى بازا قىلغان ھالدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى قوچۇ خانلىقىنىڭ قىشلىق ئاستانىسى (پايتەختى) گە ھۇجۇم قوزغىغان، ئەبۇلپەتتاھ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر بۆلىكى قوچۇنى شىمال تەرەپتىن قورشاش ئۈچۈن، ئىلى تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. ئۇلار قوچۇ خانلىقىغا تەۋە بولغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئورنىغا مۇسۇلمان

① تەزكىرىدە «ھەسەن بۇغراخان» دەپ تىلغا ئېلىنغان كىشى.

ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قوچۇ خانلىقىنىڭ بۇددىست ھۆكۈمرانلىرى ئاستانىنى تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (جىمسار)قا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئاستانىنى ئىشغال قىلغان قاراخانىلار قوشۇنى قوچۇ بۇددىستلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بەشبالىققا ھۇجۇم قىلغاندا، شۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئەبۇلپەتتاھقا ئوق تېگىپ ھىجرىيە 347 - يىلى (مىلادى 958 - 959 - يىللىرى) ۋاپات بولغان. بۇ ئىسلام غازاتچىسىنىڭ جەسىتى ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، كىشىلەر ھازىر «ئەلپەتتاھ خوجام» ياكى، «توپ ئاتار خوجام»دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بوغدا تېغى ئۈستىدىكى مازارغا قويۇلغان.①

ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى ئاشىرنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، موسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم قاراخان مۇشۇ قېتىمقى يۈرۈشتە گەرچە 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك قەۋمنى ئىسلام دىنىغا ئىتائەت قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەبۇلپەتتاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنى ئاجىزلىشىپ، بەشبالىقتا بولغان جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم قەشقەرغە قايتىپ بېرىپ، ھىجرىيە 365 - يىلى (مىلادى 975 — 976—

① بەزى رىۋايەتلەردە، بۇ ۋەقەدىن تەخمىنەن 400 يىل كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش يولىدا خىزمەت قىلغان ئەلپەتتاھ خوجامنىڭ جەسىتىنى بوغدا تېغىدىن يۆتكەپ ھازىرقى تۇرپان ئاستانىدىكى ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلغان دېيىلمەدۇ.

369 - 365 ...

يىللىرى) غىچە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش،
قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ۋە قوشۇن توپلاش بىلەن
مەشغۇل بولغان. ھىجرىيە 365 - يىلىدىن باشلاپ
ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن خوتەن خانلىقىغا ھۇ-
جۇم قىلغان. ئەمما خوتەندىكى بۇددىستلار قاتتىق قار-
شىلىق كۆرسىتىپ ئۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان.
مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم ۋە ئىنىسى ھۈسەيىن بۇغراخان
ھىجرىيە 369 - يىلى (مىلادى 979 — 980 - يىل-
لىرى) شۇ جەڭدە ئۆلگەن. بۇلارنىڭ جەسىتى يېكسار
ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر يىراقلىق-
تىكى كىشىلەر ھازىر «چوڭجە پاششىم مازىرى» دەپ ئا-
تاپ كېلىۋاتقان مازارغا دەپنە قىلىنغان. بۇ يەردىكى
«ئاقسىر سۇ ئامبىرى» (تەزكىرىدە «دەشتە كۆل» دېيىل-
گەن) ئەتراپىدا يەنە بىبى مەريەم خېنىم باشلىق يەت-
تە مەرد قىزنىڭ مازىرى (ھازىر «قىز - ئاياللىرىم
مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ)مۇ بار.

مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىمدىن كېيىن قاراخانىلارنىڭ
خانلىق تەختىگە سەيىد ئەلى ئارسلانخان ئولتۇرغان①.
ئۇ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا

① سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە ھازىر ھەر خىل
كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر ئۇنى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىمنىڭ
ئوغلى، ئەھمەت ئەبۇلھەسەن ئەلى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ ئالانۇر
خېنىمنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى چۈشىدە كۆرۈپ ھامىلدار بولغانىدىن كې-
يىنكى تۇغقان بالىسى، بىر ئىسمى شاھى مەردان، يەنە بىر ئىسمى
ھەيران ئەلى ئارسلانخان دەيدۇ.

ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن خوتەن خانلىقـ
دىكى بۇددىستلارنىڭ قەشقەر ئەتراپىغا باستۇرۇپ
كەلگەن ئەسكەرلىرىنى قاغىلىقنىڭ كۆكيارغىچە چېكىندۈر-
گەن. بىراق، بۇ جەڭدە تاغىسى ئوسمان بۇغراخانغا
ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكتىن، جەڭنى توختىتىپ، قەشقەرگە
قايتىپ كەلگەن.

سەيىد ئەلى ئارىسلانخان (ئوبۇلھەسەن ئىبلى ئىبنى
مۇسا) قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان مەز-
گىلدە، سامانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت تالا-
شىش كۈرىشى راسا ئەۋجىگە چىقىپ جەمئىيەت ئىنتايىن
قالايمىقانلاشقان. بۇنداق شارائىتتا سامانىلار تەۋەسىدىكى
خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى سەيىد ئەلى ئارىسلانخانغا ۋە-
كىل ئەۋەتىپ① ياردەم تەلەپ قىلغان. سەيىد ئەلى ئا-
رىسلانخان بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ
يۇسۇپ قادىرخاننى بىلاد ساغۇنغا يولغا سالغان. يۇ-
سۇپ قادىرخان بىلادساغۇنغا بارغاندىن كېيىن، سامانى-
لارنىڭ ھۆكۈمرانى نۇھ ئىبنى مەنسۇردىن نارازى بول-
غان ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەت، ھەربىي سەركەردە فا-
يىق تېكىن، خەلىپە باسىت، ئىسپىجاپنىڭ ئەمىرى ئەبۇ

① تەزكىرىدە «مۇساغا ئەۋەتتى» دەپ يېزىلغان ۋە سەيىد ئەلى ئارىس-
لانخانىمۇ ئاتىسى مۇسادىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان قىلىپ قويۇلغان.
پىرىستاك، كىملىك شىمىن، ۋىي - لياڭشاۋ، تۇرغۇن ئالماس، قاسىم
ئارىش، ھاجى نۇرھاجىلارنىڭ كۆز قارىشىچە، مۇسا 980 - يىلى،
ئارىسلانخان 998 - يىلى ۋاپات بولغان. ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋرگە
سېلىشتۇرغاندا تەزكىرىدە يېزىلغان ئىسىملىك ۋە ۋاقىت توغرا ئەمەس.

مەنسۇرلارنىڭ ياردىمى ۋە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دېھقانلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىسپىجاپنى سامانىلار-نىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان. ئاندىن ماۋەرەئۈننەھر، تاش-كەنت، سەمەرقەنت، بۇخارانى ئىگىلىگەن. نۇھ ئىبنى مەنسۇر سالجۇقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇمۇد دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخاراغا قايتا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما سەيىد ئەلى ئارسلانخان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ بۇخارا-نى قايتۇرۇۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، سەيىد ئەلى ئارس-لانخان خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ھىجرىي-يە 389 - يىلى (مىلادى 998 - 999 - يىللىرى) مۇھەررەم (1 - ئاي) نىڭ 13 - كۈنى يوپۇرغا، يېڭىسار دائىرىسىدىكى «سەسقوم» (يەرلىك تارىخىي ماتې-رىياللاردا قۇمى شەھىدان، قارا ئۆتەڭ، قارا تىكەن دې-گەن ناملاردا ئاتىلىدۇ)دا شېھىت بولغان. سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى دەپنە قىلىنغان ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى «دۆلەتباغ»دىكى مازار «ئارسلانخان مازىرى»دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى «قۇمى شەھىدان» غا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ «ئوردا خان» ياكى، «ئوردام مازىرى»دەپ ئاتىلىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ تەخت ۋارىسى چوڭ ئوغلى ئەھمەت توغانخان (998 — 1018 - يىللار) بىلەن بىرلىكتە تىبەتلىكلەر ۋە قوچۇ-لىقلاردىن ئۇزلۇكسىز ياردەم ئېلىپ تۇرۇۋاتقان خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى ئون يىل ئۇرۇشقان. ئاخىر ھىجرىيە 398 - يىلى (مىلادى 1007 - 1008 -

يىللىرى) خوتەن بۇددىستلىرىنى ئىسلامغا بەيئەت قىلدۇرغان. بۇ يىللاردا يەنە ئەھمەت توغانخان، ئارسلانخان ئىلىك ناسىرلار غەزنەۋىلەر بىلەن ئىككى قېتىم قارا قىتانلار بىلەن بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىپ قاراخانىلار زېمىنىنى قوغداشقا كۈچ چىقارغان.

يۈسۈپ قادىرخان مىلادى 1008 - يىلىدىن 1025 - يىلىغىچە «تابغاچ خان» دېگەن نام بىلەن خوتەننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان؛ ئۇ 1025 - يىلى سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەنسۇر ئارسلانخان (مىلادى 1018 — 1025) نىڭ قولىدىن قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ پايتەخت قەشقەردە ئولتۇرغان. ئۇ يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 423 - يىلى (مىلادى 1032 - يىلى) سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جەسىتى يەكەندە چارەك يېزىسىنىڭ ئاچچىق دېگەن يېرىدىكى بىر تاغ ئارىسىغا قويۇلغان، كېيىن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىنغان.

موللا ھاجى قاتارلىق ئەدىبلەر يازغان تەزكىرىلەردىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ قىسقىچە جەريانى ئەنە شۇنداق. بۇ تەزكىرىلەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر تارىخ نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى نوقۇل دىنىي نۇقتىدىن بايان قىلىنغاچقا، تەزكىرىلەرگە باشتىن ئاياغ ئىنتايىن قويۇق دىنىي تۈس سىڭدۈرۈلگەن. تارىخىي شەخسلەرنى بايان قىلىشتا چېكىدىن ئاشقان مۇبالىغىلەرگە يول قويۇلۇپ،

تارىخى چىنلىق ئىزچىل دەرىجىدە بۇرمىلانغان.
ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مە-
سىلە شۇكى، شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ قايسى دەۋر-
دىن باشلاپ تارقىلىپ كىرگەنلىكى تېخى ئۈزۈل - كې-
سىل يەكۈن چىقىرىلمىغان چوڭ مەسىلە. بۇ تەزكىرى-
لەردە ئېيتىلىشىچە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى
سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشلىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن
باشقا تارىخى كىتابلاردا بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان بايانلار-
مۇ بار: مەسىلەن، 10 - ئەسىردە ياشىغان ئەرەب تا-
رىخچىسى ئىمام جىبىلىل تەبەرى (838 — 923 - يىل-
لار)نىڭ «تارىخى تەبەرى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلى-
نىشىچە، ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىكىدىن ۋەلىد ئىبنى ئاب-
دۇلمۇلۇك مەرۋانىنىڭ خۇراسانغا قويغان ۋالىيسى ھەج-
جاجنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تەيىنلىگەن نائىبى قۇتەيبە
ئىبنى مۇسلىم ھىجرىيە 96 - يىلى (مىلادى 714 —
715 - يىللىرى) تۈركىي خەلقلەرنىڭ قول ئاستىدىكى
كاسان، شاش (تاشكەنت)لارغا ھۇجۇم قىلغاندا قەشقەر-
گىمۇ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىملىق ھۇجۇمى تۈركىي
خەلقلەرنىڭ بۈيۈك شاھزادىسى كۈلتېگىننىڭ باتۇرلۇق
بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا تارمار قىلىنىپ ئەسلى تۇرۇش-
لۇق جايى پەرغانىغە چېكىندۈرۈلگەن. ۋەھالەنكى، قۇ-
تەيبە قەدىمى يەتكەنلىكى جايدا ئىسلام تارقاتقان. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن تەخمىنەن 150 يىل ئۆتكەندە يەنە ئە-
رەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قويغان يەرلىك ئەمەلدارى
ساماني ئىبنى ناسىر ئىبنى ئەخمەت (865 — 892 -

يىللار) ھىجرىيە 256 ـ يىلى (مىلادى 869 ـ 870 ـ يىللار) مۇستەقىللىق جاكالىغان ۋە ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇخارا، شاشلارغا ھۇجۇم قىلغاندا قەشقەرگىمۇ كەلگەن. بۇ قېتىمدىمۇ قەشقەردە ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش ئىسلام تارقىتىلغان. قەشقەردىلا ئەمەس، سامانىلارنىڭ چېگرىسىغا يېقىن بولغان بالاساغۇندىمۇ خېلى كۆپ كىشىلەر ئىسلامغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغان. ئەگەر بۇ پاكىتلار ئاساس قىلىنسا، شىنجاڭغا ئىسلام دىنى سۇلتان ساتۇقتىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. قىسقىسى، بىز بۇ تەزكىرىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي جۇغراپىيە ماتېرىياللىرىدىنلا پايدىلىنىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا، بۇ تەزكىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا يول قويۇلغان خاتالىقلار بولسا كىتابخانلارنىڭ تەنقىد بېرىشىنى ئۈتۈنىمەن.

## مۇقەددىمە ①

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بىلسىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇنىڭ ② دا خۇدايىتائالا لۇتفىنىڭ نۇرى زاھىر بولغان، ئۇ، قۇرئاننى كۆپ تىلاۋەت قىلغان، پادىشاھلىق سەلتەنىتىنى راۋا كۆرگەن، خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شەرىئىتىنى راۋاجلاندۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەزىز پەزىلەتتە، ھەلىم ③ ھايادا، ئەدەبتە، ئىلمىي زاھىر ④ ۋە ئىلمىي باتىندا ⑤ كامالەتكە يەتكەن. ئۇ، بۇ ئالەمگە كەلگەندىن بۇيان

① قولىيازمىمىزنىڭ بېشىدا «بۇ باب تەزكىرەئى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ بايانىنى ئەيتۇرلەر» دېيىلگەن. بۇ مەزمۇنغا ئاساسەن، نەشىرگە تەييارلىغۇچى بۇ بابنى «مۇقەددىمە» دەپ ئاتىغان — مۇھەررىردىن.

② قولىيازمىدا «بۇلاردا» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆپلۈك ئالماشنىڭ ئەبۇ نەسىر سامانى ئىكەنلىكى كېيىنكى قۇرلاردا ئېنىقلانغانلىقى ئۈچۈن «ئۇنىڭ» دەپ ئېلىندى — مۇھەررىردىن.

③ ھەلىم — مۇلايىملىق، سىپايىلىق.

④ ئىلمىي زاھىر - ئاشكارا ئىلىم.

⑤ ئىلمىي باتىن — مەخپىي ئىلىم.

شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلمىغان. ئاۋۋالقى ھاللىرىدا يەنى ئەۋلىيا ئەمەس چاغلىرىدا خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت①لىرىنى قوبۇل قىلاي دەپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، باشقا سودىگەرلەردەك ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۇل تېپىپ، خۇدانىڭ يېتىم - مىسكىن ۋە ئاجىز مۇسۇلمان بەندىلىرىگە زاكات بېرەي، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالماي دەپ سودىگەرچىلىك قىلغان.

— ئەي بۇزرۇكۋارىم②، شۇنچىۋالا پۇل - دۇنيالىرى بار تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن يەنە جاپا چېكىپ، ئاۋارە بولۇپ سودىگەرچىلىك قىلىلا؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى مۇرىتلىرىدىن بىر كىشى.

— ئەي يارەنلىرىم، — دېدى بۇ ئەزىز، — مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك قىلمىدىم. سودىگەرچىلىك قىلىش ئان ھەزرەت سۈننەتلىرىدىندۇر. ئۇنى تەرك قىلىشنى خالىمايمەن. مەيلى قەيەردە بولاي، مەيلى ۋەتەندە تۇراي ياكى سەپەر ئۈستىدە بولاي، ھەر قاچان مۇسۇلمانلارغا زاكات بېرىپ مەنپەئەت يەتكۈزىمەن. ئەگەر بۇ ئىشنى تەرك قىلسام زاكاتىنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالىمەن. ئەي يارەنلىرىم، سىلەر مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟... بىر كۈنى رەسۇلۇللا مەسچىتتە ئولتۇرغاندا، ئۇ يەرگە بىر نەچچە

① سۈننەت — ئادەت، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىش، — ئادەتلىرى.
② بۇزرۇكۋار — ئۇلۇغۋار، ھۆرمەتلىك، ئاتاقلىق.

نامرات ساھابىلەر كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار:

— يا رەسۇلەللا، ئالتۇندار باي ساھابىلەر زاكات بېرىپ، زاكاتنىڭ ساۋابىنى تاپالايدىكەن، پۇل سەرپ قىلىپ جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە ۋە مەڭگۈلۈك نازۇ نېمەتلەرگە ئېرىشەلەيدىكەن. ئۇلار بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇپ، بىزگە ئوخشاش روزى تۇتسىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارنىڭ بىزدىن ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا، پۇل خەجلەپ ھەج قىلالايدىكەن. بىزلەر نامرات، زاكات بەرگىلى پۇلىمىز يوق، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىمىز. بىزگە زاكاتنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب تاپقىلى بولىدىغان بىرەر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويسىلا ئىكەن، — دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ. نامرات ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئەمر قىلىپتۇ:

— ئەي يارەنلىرىم، ئەي نامرات ساھابىلىرىم، ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە شۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي، ئەگەر ئۇنى ئورۇنلىساڭلار پۇل خەجلەپ جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە ئېرىشكەن بايلارنىڭ دەرىجىلىرىگە يېتىسىلەر، سىلەردىن كېيىنكى ئادەملەرنىڭ (مۇشۇ ئەمەلنى قىلمىغانلارنىڭ) ھېچقايسىسى سىلەرنىڭ دەرىجەڭلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئادەملەر ئارىسىدا سىلەر ئەڭ ئەۋزەل ئادەملەردىن بولۇپ قالىسىلەر. بايلاردىن پەقەت مۇشۇ ئەمەلنى قىلغان كىشىلەرلا سىلەرگە يېتەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەر ۋاخ نامازدىن كېيىن «سۇبھانەللا» (ئاللانى پاكلىق بىلەن

ياد ئېتىمەن) «ئەلھەمدۇلىللا» (ئاللاغا ھەمدە — سانا ئوقۇيمەن)، «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللا ئۇلۇغدۇر) دېگەن ئۈچ كەلىمىنىڭ ھەر بىرىنى 33 قېتىمدىن، كەلىمە تەۋھىدنى ئون قېتىم دېسەڭلەر، زاكات بەرگەنىنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر.

نامرات ساھابىلەر خۇشال بولۇشۇپ قايتىپتۇ ۋە، ھەر ۋاخ نامازدىن كېيىن شۇنداق قىلىشىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ خەۋەر كىشىلەرگە ئاڭلىنىپتۇ. باي ساھابىلەرمۇ ھەر ۋاخ نامازدىن كېيىن نامرات ساھابىلەر قىلغان ئەمەلنى قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن نامرات ساھابىلەر يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— يا رەسۇلەللا، — دەپتۇ ئۇلار، بولۇۋاتقان ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، — باي ساھابىلەر زاكات بېرىپ زاكاتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ، ئەمدى يەنە سىز بىزگە ئۆگىتىپ قويغان ئەمەلنى قىلىپ ئۇنىڭ ساۋابىنىمۇ تېپىۋاتىدۇ.

— خۇدايىتائالا زاكاتنىڭ ساۋابىنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە نېسىپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئان ھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم...

بەس، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى زاكاتتا ناھايىتى كاتتا ساۋاب بار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سودىگەرچىلىكنى تەرك قىلمىدىم.

مەلۇم بولسۇنكى، خوجا ئەبۇنەسىر سامانى ھەر قې-

تىم سەپەرگە چىققاندا، تولا رىيازەت تارتىپ، مۇشەققەت
چېكىپ، قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىنى باشقىلارغا
دەپ يۈرمەيتتى. خالايىقلارغا ھەمىشە ئاش - نان بې-
رىپ ساخاۋەت قىلىپ تۇراتتى. ھەر كېچىسى كالام شې-
رىپنى بىر قېتىم تامام قىلاتتى. بەش مەرتىۋە تەرەت
ئېلىپ، ھەر رەكئەتتە سۈرە ياسىننى قىرائەت قىلىپ،
32 رەكئەت ناماز ئۆتەيتتى. ھەر كېچىسى قىلىدىغان
ئىبادەتلىرى مۇشۇنداق بولاتتى.

بىر كۈنى خوجا ئەبۇنەسىر سامانى سەپەرگە چىقىشنى
ئويلاپ، ئاخشىمى، ئادىتى بويىچە ناماز ئوقۇپ، تىلەك-
لىرىنى خۇداغا دۇئادا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن
يېتىپ ئۇخلىدى. ئۇ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە مۇ-
ھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى خوجا ئەبۇنەسىر
سامانى، بۇ نۆۋەت سەپەرگە چىقماي تۇرۇڭ، سەپەرگە
چىقىدىغان مەزگىل بولغاندا مەن سىزگە خەۋەر قىلىمە-
مەن...» دېدى. خوجا ئەبۇنەسىر سامانى بىجانىدىل قوبۇل
قىلىپ ئويقۇدىن ئويغىنىپ ئاللاتائالاغا كۆپ شۈكۈر -
سانا ئېيتتى. ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن دۇرۇد ئوقۇپ ھەدىيە
قىلدى، ئۇ، جانابى سەرۋىرى ئالەم① مەۋلانا مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەرگە چىقماي ئۆزىنى
رىيازەت بوتىسىغا سېلىپ تاۋلاپ، ئىبادەت قىلىپ
قەلبىنى تازىلاپ تۇردى. كۆنلۈكى مۇھەممەت ئەلەيھىس-

① سەرۋەرى ئالەم — ئالەمنىڭ يولباشچىسى.

سالام بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەق ھەبىبىنىڭ تەۋەججۇ①سى بىلەن روھىي جەھەتتە تەربىيىلىنىپ قۇۋۋەت تېپىپ، پەيزى پۇتىھاتتىن ② تېرىسىگە سىغماي قالدى.

شۇنداق ھەقىقىي ئاشىقلارغا خاس ئىبادەت ھۇزۇرى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ ئالتە يىل ئۆتتى. بىر كېچىسى چۈشىدە يەنە ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. سالام بەرمەكچى بولۇۋېدى، ھەبىبى خۇدا ھەزرىتى رەسۇلۇللا ئاۋۋال سالام بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي خوجا ئەبۇنەسىر سامانىي، ئەمدى سەپەرگە بارىدىغان ۋاقىت بولدى. تۈركىستان ③ تەرەپكە قاراپ سەپەر قىلىڭ. ئۇ يەردە ئۇلۇغ قۇدرەتلىك رەببىل ئالەمىننىڭ بىر سائادەتمەن بەندىسى بار. ئىسىم-شەرىپلىرى — سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى دەپ ئاتىلىدۇ. مەن ئۇنى مېئراج كېچىسى ئەرشنىڭ تۆپىسىدە، تەخت ئۈستىدە بىر نۇر ھالىتىدە كۆرگەن ئىدىم. ئۇ نۇر شۇ ئىممىتىم روھىنىڭ نۇرى ئىكەن. قارىسام سىز ئۆزىڭىز شۇ ئىممىتىمنىڭ روھىغا ئىمان ئۆگىتىپ تۇرۇپسىز. مەن بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ بۇرادىرىم ھەزرىتى جەبرائىلدىن سورىدىم:

— بۇ روھلارنىڭ ئەسرارى نېمە؟

بۇرادىرىم جەبرائىل ماڭا:

— ئۇ قۇرئان ئۆگىتىپ تۇرغان كىشى بۇ روھنى مۇسۇلمان قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ روھ تۈركىستان

① تەۋەججۇ — (ئىلتىپات، نەزەر سېلىش، يۈزلىنىش، قاراش).

② پەيزى پۇتىھات — يايراش - شادلىق، ھاياجان.

③ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئورۇنلاشقان جايلار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. — مۇھەررىردىن.

دىيارىدىكىلەرنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئۇلۇغ دىنىمىزغا مۇشەررەپ قىلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەي ئەبۇنەسىر ساماني، شۇ ئۈممىتىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى سىزنىڭ بېرىشىڭىزغا موھتاج، قوپۇڭ، ئۇ لاچىندەك ئېگىز پەرۋاز قىلغۇچىنى ئىزلەپ تېپىڭ، ھەرگىز ھايال بولماڭ...

خوجا ئەبۇنەسىر ساماني بۇ بىشارەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇيقۇدىن ئويغاندى ۋە خۇدايتائالاغا كۆپ شۈكۈر - سانا ئېيتتى. ۋە ئۆز ئوغلى خوجا ئەبۇلپەتتاھنى ھەمراھ قىلىپ تۈركىستان تەرەپكە قاراپ سەپەرگە راۋانە بولدى. شەھەرمۇ شەھەر يول يۈرۈپ، ئەندىجانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر كىشى:

— قەشقەر تۆرىسىنىڭ سۇلتان ساتۇق دېگەن بىر ئوغلى بار، ئەمما ئۇ تېخى كىچىك. سىزنىڭ سۆزىڭىزگە جاۋاپ بەرگۈچىلىكى يوق، — دەپ ئېيتتى. ئەبۇنەسىر ساماني ئۇنىڭغا:

— چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئىشىم يوق، ئۆزىگە ئىنتىزاردۇرمەن، — دەپ ئېيتىپ، قەشقەر تەرەپكە راۋان بولدى، نەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇقنى تېپىپ، ئېيتىدىغان پەند - نەسىھەتلىرىنى ئېيتىپ، قىلىدىغان سۆزنى قىلىپ، ئىمانغا مۇشەررەپ قىلدى.

ئەلقىسسە، ھەرقانداق بىر كىشىنى ئاللا دەرگاھىغا مۇشەررەپ قىلغاندىن ئۇلۇغ تائەت - ئىبادەت يوق. خوجا ئەبۇنەسىر ساماني قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ نەچچە يىل

ئىبادەت قىلىپ، ئاخىر مۇرادىغا يەتتى. يەنى خۇدايىتائالا زالالەتتىكى خەلقنى ئىمانغا مۇشەررەپ قىلىشنى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلدى.

ئۇ ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازىغا ئۇچ-راشقاندىن كېيىن، ئون ئىككى يىل تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، سۇلتان ساتۇقنى كامالغا يەتكۈزدى. كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ناماز ئۆتەش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. يەنە مىڭ كىشىنى مۇسۇلمان قىلدى. يەتمىش كىشىنى تەربىيەت قىلىپ كامالغا يەتكۈزدى، ئەللىك كىشىنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلدى.

مەلۇم بولىسۇنكى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى سەكسەن يىل ئۆمۈر كۆردى. ھەممە ئۆمرىنى خۇدايىتائالانىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىدە ئۆتكۈزدى. ئۆزلىرى تەرىقەت ئىمامى، شەپقەت قىلغۇچى شەيخ، دىنسىزلارنى قەتل قىلغۇچى ئەمىر دىل مۇئمىنىن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللا-ھۇئەنھۇنىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت ئېلىپ، ھەزرىتى ياقۇپ نەبىيۇللانىڭ ياشلىرىنى ياشاپ، يىغا - زار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ رىقبەئى ئۇۋەيس ① لىككە يەتتى.

ئەي دەرۋىش، ئاگاھ بولغىنكى، ھەرگىز ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما. تۆۋەن تۇت، ھاكاۋۇرلۇق قىلساڭ، قىلغان تەكەببۇرلىقىڭ پەردە بولۇپ ئاللانىڭ جامالىدىن مەھ-رۇم قالىسەن. خۇدانىڭ ئەسرارلىرىدىن خەۋەرتاپالماي-

① رىقبەئى ئۇۋەيس — ئەۋلىيالىق مەرتەۋىسى.

يەن. شۇڭا ئىجتىھات قىلىپ، بۇ پەردىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلاھىنىڭ جامالىغا مۇشەررەپ بولغىن.

شۇنداق دەپ نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇكى، خوجائەبۇنەسىر سامانىينىڭ روھلىرى مەدىنىدە ئىدى. رەسۇلى خۇدا — ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھلىرىدىن رۇخسەت بولۇپ، قەشقەر تەرەپكە سەپەر قىلدى. ئۇ روھلار ئالىمىدە ئۇۋەيس بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ روھلىرىنى باشلاپ كەلدى. ھېچقايسىسى خوجائەبۇنەسىر سامانىيغا قول بەرمىگەن بولسىمۇ، يوشۇرۇن ھالدا يەتمىش ئۇۋەيس بۈزرۈك ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار تەرەققىيات لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بۇ يەتمىش كىشىنىڭ ئىچىدىن شەيخ نەجمىدىن كۆپرەك تەربىيەت تاپقان ئىدى. خوجائەبۇنەسىر سامانى بۇ يەتمىش كىشى بىلەن بىللە قەشقەرگە كېلىپ، ھەزرىتى سۇلتاننى تېپىپ، ئۇنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلىپ مۇرادلىرىغا يەتتى.

ئاگاھ بولغىن ئەي دەرۋىش، كۆڭلۈڭنى توختىتىپ، رىيازەت تارتىپ، خۇدايىتائالانىڭ بەندىچىلىكىنى قوبۇل قىلساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن، ئىنشائاللاھۇ تائالا.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، بىر كۈنى خوجائەبۇنەسىر سامانى چۈشىدە رەسۇلۇللانى كۆردى. رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

— خۇدا ساڭا ئىككى ئالەمنىڭ دۆلىتىنى مۇيەس-

ھەر قىلدى. قۇتبىلىك ① مەرتىۋىسىنى بەردى، — دەپ
خەۋەر قىلدى. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئىنتايىن كۆپ يىغلىدى:
— ئى بارا خۇدايا، مەندەك گۇناھكار بەندەڭ قۇت-
بىلىك كىيىمىنى كىيىشكە لايىق ئەمەس ئىدى، مېنىڭ
تېنىم يۈزمىڭ گۇناھ بىلەن بۇلغانغان، — دەپ پەرىشان
بولغاندا، شۇ زامان قۇلاقلىرىغا غايىبتىن:
— ئەي خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى، خۇدانىڭ رەھ-
مەت دەرياسىدىن تامغان بىر قەترە سۇ، ھەر قانچە گۇ-
ناھدا بۇلغانغان تەنگە تامسا، ئۇنى پاك قىلىدۇ. ئۇ
تەن ھەر دائىم خۇدايىتائالانىڭ ئىبادىتىدە بولسا، نې-
مە ئۈچۈن قۇتبىلىك كىيىمىنى كىيگۈزگىلى بولمىسۇن؟ —
دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ شادىمان بولدى. ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، غۇسل — تەھارەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز
ئۆتەپ، قىبلىگە قاراپ ئولتۇردى. نەچچىلىگەن ئۇلۇغلار
ھازىر بولۇپ، پاتىھە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قۇتبىلىك كىيى-
مىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ غايىب بولدى. خوجا ئەبۇ نە-
سىر سامانى ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىققان ئىدى. شەيخ
نەجمىدىن ئەتتار ئۇچراپ، ئۇنىڭغا:
— ئەي بۇزرۇكۋار، قۇتبى بولغانلىقلىرىغا مۇبا-
رەك بولسۇن! — دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى كەررەمەللاھۇ،

① قۇتبىلىك — پېشىۋا، يولباشچى، رەھبەر، ئەۋلىيالار باشلىقى (كۆچمە مەنە).

— ئەي نەجمىدىن ئەتتار، ماڭا قۇتبىلىك مۇ-
يەسسەر بولغانىنى نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىغان-
ئىدى، شەيخ نەجمىدىن ئەتتار:

— ئەي بۈزۈرۈكۋار، قۇتبى بولغانلىرىدا مەن يان-
لىرىدا ئىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

خوجا ئەبۇنا سىر سامانى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
يەتنە يېرىم يىل قۇتبى بولدى. ئەھل ئالەمنىڭ
ھېچقايسىسىغا قوشۇلماي، كۇشەنەشىنلىكتە① ئۆمرىنى
ئۆتكۈزدى (ۋاللاھۇ ئەئلەم بىس ساۋاب)②.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى خوجا ئەبۇنەسىر سامانى
بىر ئورۇندا ئولتۇراتتى، بىرسى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم③، — دەپ سالام قىلدى.
ئاندىن ئۇ:

— مەن جان ئالغۇچى مەلائىكە بولىمەن، خۇدايىتا-
ئالانىڭ ئەمرى بىلەن سىزدىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەل-
دىم، — دېدى. بۇ چاغدا خوجا ئەبۇنەسىر سامانى ئۇنىڭغا:

— بىزگە نېمە تەئەددى قىلىسىز؟ خۇدايىتائالانىڭ
ئەمرى بىلەن كەلگەن جان ئالغۇچى مەلائىكەمۇ ئەۋلىيا
ئۇللانىڭ قېشىغا كەلگەندە مۇنداق تەئەددى قىلمايدۇ.
ئەۋلىيائۇللا خۇدايىتائالانىڭ جامالىنى تەلەپ قىلىدۇ ئەمەس-
مۇ؟ مىننەت بىلەن ئىشى يوق. مەنمۇ ھەم كۈتۈپ تۇر-
غان ئىدىم، ئوبدان كەلدىڭىز. ئامانەتنى ئېلىشقا مەش-

① كۇشەنەشىنلىكتە — بۇلۇڭ پۇشقاقتا ئولتۇرۇش.
② ۋاللاھۇ ئەئلەم بىس ساۋاب — توغرىسىنى خۇدا بىلىدۇ.
③ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم — ئاللا سىلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلسۇن.

ھۇل بولۇق، ھەقىقەتەن بىز ئاللانىڭ مۈلكىدۇرمىز. بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ھۇزۇرىغا قايتقۇچىلارمىز. — دېدى.

بىر سائەتتىن كېيىن خىزمەتكارلار كىرىپ كەلدى. قارىسا خوجائەبۇنەسىرساماننى يۈزلىرىگە نىقاب تارتىلغان ھالدا قىبلە تەرەپكە قاراپ، ئاياغلىرىنى سۇنۇپ يېتىپتۇ. خىزمەتكارلار ھەيران بولۇشۇپ: «ھېچ ۋاقىتتا بۇ ئەزىز پۇتلىرىنى سۇنۇپ، بۇنداق يېتىپ باقمىغان ئىدى» دېيىشتى ۋە بىرەر سائەتكىچە توختاپ تۇرۇشتى. بىراق ئۇ بۇزرۇكۋار تىنمىدى. يېقىن كېلىپ قاراشقان ئىدى. ئۇئەزىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولدى. خىزمەتكارلىرى ئالا چۇقان سېلىشىپ، ئوغلى ئەبۇلپەتتاھقا خەۋەر بەردى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخانمۇ ئۆمەرالىرى بىلەن كېلىپ غەلغەلە قىلدى. خوجائەبۇنەسىرساماننىڭ بىر مۇرىدى ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن سورىدى:

— بۇ ئەزىزنى كىم يۇيىدىكەن؟

ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇ ئەزىزنىڭ كۆكرىكىگە يېقىن كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، ھەزرەتلىرىنىڭ، بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان خۇدايىتائالاغا قىلغان ئىبادەتتە پەرۋىش تاپقان بۇ پاك جىسمىلىرىنى كىم يۇيىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئەزىزنىڭ سىنەلىرىدىن بولسا:

— ھەزرىتى سۇلتانغا مەلۇم بولسۇنكى، شەيخ نەجمىدىن بىلەن پەرزەنتىم يۇسۇن! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھەزرىتى سۇلتاننى پەرزەنتلىرى قوشتى. ھەز-

رىتى سۇلتان ئىنتايىن شادىمان بولۇپ، ھەزرىتى سۇلـ
تان شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ۋە خوجا ئەبۇلپەتتاھ بىـ
لەن بىرلىكتە بۇ ئەزىزنى يۇيدى. ھەزرىتى خوجا ئەبۇلـ
پەتتاھ رەھمەتۇللاھۇ ئەلەيھى سۇ قۇيۇپ بەردى. شەـ
يىخ نەجمىددىن سۇ توشۇپ بەردى. ھەزرىتى سۇلتان
يۇدى. ئاندىن بۇ ئەزىزنىڭ جىنازىسىنى ھەممە خەلق
ئۇلۇغلاپ كۆتۈرۈپ، نامازگاھقا ئېلىپ باردى. ئاۋام
خەلقتىن ئون مىڭ كىشى نامازلىرىنى ئۆتەپ، ئالتىن
ئارتۇشتىكى مەشھەد دېگەن كەنتتە دەپنە قىلدى. بۇ
ئەزىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىرىدە تارىختا ئۈچيۈز ئەللىك
ئىدى. كېيىنچە غازىلار① دىن بىر كىشى چۈش كۆرۈپـ
تۇ: چۈشىدە، بۇ ئەزىز ئاق ئاتقا مىنىپ، بېشىغا ئاق
سەللە يۆگىگەن ھالدا — تىرىكلىكىدە غازاتقا ئاتلىـ
نغاندەك چىقىپتۇ. بۇ غازى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم سىزگە خۇدايىتائالا نېمە ئاتا قىلدى؟

خوجا ئەبۇنەسر سامانى ئۇنىڭغا:

— كەربالادا غازات قىلىپ شېھىت بولغان خەلقنىڭ
دەرىجىسىنى بەردى. ئەي غازى، مەن قىلغان ئىشلارنى
قىلساڭلار، مەن يەتكەن دەرىجىگە، مەن يەتكەن ئۇلۇغـ
لۇققا مۇشەررەپ بولۇسىلەر. ئەي غازى، مېنىڭ مۇرىدـ
لىرىمغا ئېيتقىن، ماڭا ئوخشاش ئاللا يولىدا غازات قىلـ

① غازى — جەڭدە غالىب چىققانلار، ھايات قالغانلار.

سۇن، چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇن ئەۋلىيانىڭ مەرتىۋىسى بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى غازى:

— ئىلاھا، بۇ ئەزىزنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن جېمى گۇناھكار بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۆز جامالىڭغا مۇشەررەپ قىلغايسەن، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلىدى.

**نەزمە**

خوجا ئەبۇ نەسىر ساماننى ۋەلى باسەفا①
ئول ئىدى كىم رابىئىل ئەئلام ② شەرئى مۇستەفا.
ھەم شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ھەقىقەتتە ئىدى،
روزى شەب بىدار ③ ئىدى كارى ④ ئۇنىڭ زىكرى خۇدا،
كۆپ رىيازەتتە ئىبادەت قىلدىلەر نەچچە يىل،
بۇ ئىبادەتنى ھونۇز ⑤ قىلغان ئىدى نە ئەۋلىيا.
ھەئىدە ئەزان ⑥ تائەت، ئىبادەت قىلدىلەر ئۇن يىلغىچە
قۇتبىلىك نامىدا ئەردى پاك بولغايسىلەر فەنا ⑦.
ئۆمرى ئىچرە يەتتە ئەلنى ھەم مۇسۇلمان قىلدىلەر،
بەركامال كۆر مىڭ كىشىنى تەربىيەت قىلدى يەنا.

---

① باسەفا — قەلبى پاك.
② رابىئىل ئەئلام - بايراقدار.
③ روزى شەب بىدار — كېچە كۈندۈز ئويغاق.
④ كار — ئىش.
⑤ ھونۇز — كېچىك - كۈدەك، ياش، تېخى.
⑥ بەئىدە ئەزان — ئەمما، لېكىن، ئاندىن كېيىن.
⑦ فەنا — يوق بولۇش، باقاسىزلىق، ئۆز لوكمىنى يوقىتىپ، ئۆلمە-يەتكە سىڭىپ كېتىش

زەيندىگەر① ئەللىك كىشىنى قىلدىلەر ئالىم، ئۇۋەيس،
تەربىيەت تاپقان ئىدى ئەزىيارى غازى مۇستەفا②.
ھەزرىتى ياقۇپ پەيغەمبەر روھىدىن ھەم تەربىيەت،
تاپقان ئەردى بىلسىڭىزلار كىم مۇنى ئى ئەتقىيا.③
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇقنى تەربىيەت قىلغان ئۇلار،
بەلكى ئۇشمان ئەرز ئېتىپ قىلدى ئۇلاردىن ئىپتىدا.④
ھەزرىتى ئەبۇنەسىرنى ئەيتۇرغا ئەقلىمدۇر ھەقىر،⑤
قايسى ئاقىل ھەددىدۇر مەدھىنى قىلغاي ئىنتىها⑥
يا ئىلاھا بۇ زىيايىنىڭ⑦ گۇناھىدىن ئۆتۈپ،
بۇ ئەزىزنىڭ ھۆرمىتىدىن داخىلى جەننەت سازا.⑧

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللا-ھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋەلىللاھىلھەمد. بەخشەندىم ئىنتە كىبىر بە ئەرۋاھ شەرىپ خوجا ئەبۇنەسىر ساما-نى قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەرراھىمىن.⑨

---

① زەيندىگەر — يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن.
② مۇستەفا — تاللانغان.
③ ئەتقىيا — پەرھىزكار.
④ ئىپتىدا — باشلىنىش.
⑤ ھەقىر — كام، ئاجىز، تۆۋەن، بىچارە.
⑥ ئىنتىها — تۈگۈنچى، ئاخىر.
⑦ زىيائى — موللاھاجىنىڭ تەخەللۇسىمۇ؟ ياكى موللا ھاجى بۇ يەردە زىيائىنىڭ شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرگەنمۇ؟ بۇ تېخىمۇ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.
⑧ سازا — لايىق، مۇناسىپ.
⑨ ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئاللا يوق. ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ. رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسى، ئەي ئاللا سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن مۇشۇ ئۇلۇغ دۇئانىڭ ساۋابىنى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنى قەددەسەللاھۇ سىررەھۇنىڭ ئۇلۇغ روھىغا بەخشەندە قىلىمەن.

# بىرىنچى باب

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ روھلىرى مەڭگۈ پاك بولسۇن. ئاللاتائالا ئۇنىڭ روھى جىسمىنى جىنمى ئەيىب- نۇقسانىدىن پاك قىلىپ ياراتقان بولغاچقا، ئۇ ھەممە كۈپرى① يامان ئىشلاردىن پاك ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە بارلىق يامان ئىشلارنى پاك قىلغۇچى، ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئەتلىرىنى رەۋشەن قىلغۇچى، ئىسلام دىنىنىڭ يولىنى ئاشكارا قىلغۇچى، ئىماننىڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچقۇچى، كاپىر- مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرگۈچى، ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ دادىغا يېتىپ، ھالىغا رەھىم قىلغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇد تەرىپلىرىنى تەرىپ- تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئەقلى- زورلەرنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ جامالى ۋە جاھان بېزىگۈچىلىرىنى تەرىپلەپ تەسۋىرلىسە، سەرگەردانلارمۇ

① كۈپرى — دىنسىزلىق، دىنغا شەك كەلتۈرۈش.

ھەيران قالاتتى.

ھەزرىتى خۇداۋەندى تائالا ھەزرىتى سۇلتان ساتۇققا رۇستەمنىڭ قۇۋۋىتىنى، ئۆمىر ھەمزىنىڭ جۇرئىتىنى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھىممىتىنى بەرگەن ئىدى. بۇ پادىشاھ داپىر، بىدئەتكارلارنى ئىمانغا مۇشەررىپ قىلىپ، ئىلاھ دەرگاھىغا كەلتۈردى. يولدىن ئازغان ناداىلارنى گۇناھ ئازگىلىدىن چىقىرىپ، توغرا يولغا سالدى.

خۇدايىتائالانىڭ كامالەتلىنىڭ قۇدرىتى، چوڭقۇر ۋە كەڭ ھېكمىتى بىلەن بۇ ئۇلۇغ زاتنى ئانداق خەلق قىلىپ يارىتىپدۇركى، ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم يولىنىڭ ئىشىك ئاچقۇچىنى بۇ ئالىي جانابىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئىكەن. بۇ ھەزرەت سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ جىسمى شىرىپلىرى ۋۇجۇدقا كەلمەستىن ئىلگىرىلا، ئۇنىڭ پاك روھى ئەرشتە كۆرسىتىلدى.

ھەزرىتى سەرۋەرى ئالەم مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن:

— بۇ قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى ئىكەن، خۇدايىتائالا ئۇلۇغ دەرىجە بىلەن يارىتىپدۇر — دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام:

— يارەسۇلەللا، بۇ ھېچقايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى ئەمەس، بۇ سىزنىڭ بىر ئۈممىتىڭىزنىڭ روھى بولۇپ، بۇ ئۈممىتىڭىز سىز ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۈچيۈز ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كېلىپ، تۈركىستان

ۋىلايىتىنى ئىسلامىغا مۇشەررەپ قىلىدۇ. سىزنىڭ شەرـ
ئىپتىخارىڭىزنى خەلق ئىچىدە ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ
نامى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى، — دەپ جاۋاب
بەردى. يەنە رەسۇلى خۇدا ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەلـ
لاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— يا بۇرادىرىم جەبرائىل، بۇ ئۈممىتىمنىڭ روـ
ھىنى خۇدايىتائالا ئەنبىيا روھلىرىنىڭ قاتارىدا يارىتىشتىكى
سەۋەب نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى جەبـ
رائىل ئەلەيھىسسالام:

— بۇ ئۈممىتىڭىزنىڭ روھىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ
قاتارىدا خەلق قىلىپ يارىتىشتا ئىككى سەۋەب بار. بىـ
رى، سىزنىڭ شەرىئىتىڭىزنى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا قىـ
لىپ، ھۆكمىڭىزنى خەلققە يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، بەـ
زى غازىلار 2 — 3 كىشىنى مۇسۇلمان قىلالايدۇ.
2 — 3 كىشىدىن زىيادە كىشىنى مۇسۇلمان قىلالاـ
ماي ئۆتىدۇ. ئەمما بۇ ئۈممىتىڭىز ناھايىتى كۆپ خەلقـ
نى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلىپ، مۇسۇلمانچىلىق
يولىغا باشلاپ، يولدىن ئازغان نادانلارنى توغرا يولـ
غا سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىتائالا بۇ ئۈممىتىڭىزنىڭ
روھىنى ئەنبىيانىڭ روھى قاتارىدا قىلدى، — دەپ جاۋاب
بەردى. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ خۇش
خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولدى ۋە:

— تۈركىستان تەرەپ مۇسۇلمان بولماي ئىمانـ
نىڭ دۆلىتىدىن بىنېسىپ قالدى، ئىسلام تېخى يەتمىدى.

-زلا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار ئىكەن دەپ كۆڭلۈم دائىم كۆپ پەرىشان بولاتتى. ئەلھەمدۇلىللا، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم — دەپ، ھەق سۇبھانە ۋە تائالاغا شۈكۈر قىلدى. ئاندىن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پاك روھىنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ھەر كۈنى تەرك قىلماي بىر مەرتىۋە فاتىھە① ئوقۇپ تۇردى. بىراق بۇ فاتىھەنى كىمنىڭ ھەققىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھېچقايسى ساھابىلەر بىلمەيتتى. بىر كۈنى مائاز جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورىدى:

— يا رەسۇلەللا، ھەر كۈنى تەرك قىلماي بىر مەرتىبە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشلىرىدىكى سەۋەب نىمە؟

ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ئەي مائاز، تۈركىستان تەرەپكە ئىسلام تېخى يەتمىدى، دەپ كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان ئىدى. مىراج كېچىسى ئەرشتە بىر روھ كۆردۈم. بۇرادىرىم جەبرائىلدىن، بۇ قايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى، دەپ سورىسام، بۇرادىرىم جەبرائىل ماڭا، «يا رەسۇلەللا، بۇ ھېچ پەيغەمبەرنىڭ روھى ئەمەس. تۈركىستان خەلقىنى مۇسۇلمان قىلىدىغان بىر ئۈممىتىڭىزنىڭ روھى»، دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئۈممىتىم ھەققىدە، تەرك قىلماي، كۈندە بىر مەرتىبە فاتىھە ئوقۇيمەن، — دېدى.

مائازجەبەل رەزىيەللاھۇئەنھۇ باشلىق ھەممە ساھابىلەرگە خۇش خەۋەر يەتتى. ساھابىلەر خۇشال بولۇ-

① فاتىھە — قۇرئان كەرىمدىكى بىر سۈرەنىڭ ئىسمى.

شۇپ، ھەزرىتى سۇلتان ساتۇقنىڭ روھىغا فاتىھە ئوقۇشتى. ئاندىن مائازجەبەل رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئورە قوپۇپ:

— يارەسۇلەللا، جانابىلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكلىرى ھەق ۋە راستتۇر. دۇئالىرى قوبۇل بولغاي، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى خۇدايىتائالا سىلە ئۈچۈن ياراتىپتۇر. بىر دۇئا قىلسىلا، بىز ئامىن① دەيلى، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ روھلىرى بۇ يەرگە كەلسە، كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ جامالى ۋە جاھانىتنى زىننەتلىگۈچى ھالەتلىرىگە مۇشەررەپ بولساق، تاكى بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ تۈركىستان تەرەپتىن دىلجەم بولسا — دېدى. رەسۇلۇللا مائازجەبەلنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بىر سائەتتىن كېيىن باشلىرىغا كىگىز قالپاق كىيگەن، تۇۋاقلىرى ئاق، قارا قاشقا ئارغىماقلارغا مىنگەن، جەڭ قورال - ياراق ئەسلىھەلىرى بىلەن قوراللانغان، قىرىق بىر نەپەر يىگىت بىر تەرەپتىن چىقىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاغا سالام قىلدى. رەسۇلۇللا:

— ئەي ساھابىلەر، تۈركىستان تەرەپنى مۇسۇلمان قىلىدىغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ روھى ئەنە شۇ — دەپ كۆرسەتتى. جىمى ساھابىلەر ھەزرىتى سۇلتاننىڭ مۇبارەك روھلىرىنى كۆرۈپ:

ئەلھەمدۇلىللا، بۇ جامائەتنىڭ قولىدىن ھە، ئىش

① ئامىن — «يارەببىل ئالەمىن» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، مەنىسى «ئى پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيىلىگۈچىسى خۇدا بىزنىڭ تەلىپىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن» دېگەن بولىدۇ.

كېلىدۇ، — دەپ خۇشال بولدى ۋە مۇبارەكلىدى. ھەز-
رىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام فاتىھە ئوقۇپ رۇخسەت
بەردى. بۇ روھلار غايىب بولدى. رەسۇلۇللا شۇ يەردە:
— بۇ قىرىق بىر لەپەر كىشىنى — سۇلتان سا-
تۇق بۇغراخان غازىنى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىي ئىمانغا
مۇشەررەپ قىلىدۇ، ئۇ تۈركىستانغا ئىمان ۋە ئىسلام كەل-
تۈرىدۇ، — دېدى. شۇ زامان ساھابىلەر بۇنىي: «رەسۇ-
لۇللا ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچيۈز يۇتتۇز ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈر-
كىستان ۋىلايىتىدە سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئاتلىق
بىر زات — شىرىپ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇن ئىككى يېشىدا
ئىمانغا مۇشەررەپ بولىدۇ ۋە يەنە چەندان خەلقنى
مۇسۇلمان قىلىدۇ، غازى سۇپىتىدە داخىل بولىدۇ» دەپ
تارىخقا پۈتۈپ قويدى.

ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن نەچچە يىلدىن كېيىن
خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئىلمى زاھىرنى
ئوقۇۋېتىپ، «ئەۋۋەلەمىن ئەسلەھە مىنەت تۈرك ساتۇق»①
دېگەن ھەدىسنى كۆردى ۋە «ساتۇق» دېگەن قان-
داق كىشى ئىكەن؟ دەپ غايىبانە ئاشىق بولدى. تارىخقا
قارىسا ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق ۋۇجۇدقا كېلىشكە ئازغىنە
قاپتۇ. شۇئان ئۇنىڭ ئىشقى غالىپ كەلدى. ئاي، يىللار ئۆتۈپ
ئاخىر، رەسۇلۇللانىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەزرىتى سۇلتان
ساتۇقنى ئىزلەپ تۈركىستان شەھەرلىرى تەرەپكە راۋا-

① تۈركتىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولىدىغان كىشى سۇلتان ساتۇق.

نه بولدی.

ئەلقىسسە، مەلۇم بولسۇنكى، ھەزرىتى سۇلتان بۇ ئالەمگە ۋۇجۇدقا كېلىشۋاتقانداا ئاسماندىكى پەرىشتىلەردىن بىرى:

— بۇ ئۇلۇغ زات پاك ئالەمدىن كاساپەتلىك ئالەمگە — پانىي دۇنياغا كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ھالى قانداق بولۇر ئىكەن؟ — دەپ ئەپسۇسلاندى. يەنە بىر پەرىشتە:

— بۇ ئۇلۇغ زات خالىغاننى قىلار، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئۇلۇغ زات ۋۇجۇدقا كەلگەندە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يەر شۇنداق تەۋرىدىكى، يەردىن سۇ چىقتى. بۇلاقلارنىڭ سۇيى راۋانە بولدى. قىش كۈنى ئىدى. گۈللەر ئېچىلىپ، زېمىن يېشىللىققا ئايلاندى. ھۆكۈما، مۇنەججىم ۋە ئەھلى - پاراسەتلىكلەر قۇرئى بېقىپ:

— بۇ ئوغۇل جاھانگىر (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى) بولۇر، مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرەر، — دەپ ئېيتىشتى. بۇنى ئاڭلىغان كاپىرلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى. ئەمما ئانىسى:

— ئەي كاپىرلار، مېنىڭ بۇ بالام مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرسە ئاندىن ئۆلتۈرۈڭلەر، — دەپ ئۆلتۈرگىلى قويمىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان يەتتە ياشقا كىردى. ئاتىسى قازا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئانىسىنىڭ ئەمەكلى-

ردىن ① ھارۇن بۇغراخان ئۇنى پەرۋەرىش قىلىپ
باقتى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق ئون ياشقا يەتـ
تى. ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگۈچە كاپىر سۈپىتىدە قىـ
رىق كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. بىر كۈنى② ھەز-
رىتى سۇلتان بىر كۈنى بۇ قىرىق كىشى بىلەن شىكار-
غا چىقتى. شىكار قىلىپ يۈرەتتى، بىر تىكەننىڭ تۈ-
ۋىدىن بىر توشقان چىقىپ قېچىشقا باشلىدى. ھەزرىتى
سۇلتان بۇ قىرىق كىشىدىن ئايرىلىپ، توشقاننى ئاتاي
دەپ قوغلاپ كەتتى. ئۇ، توشقاننى ئەمدى ئاتاي دەپ
تۇراتتى، بۇ توشقان توختاپ بىر مەردى كالان ③ سۈ-
رىتىگە كىردى. ئاندىن ئۇ:
— كېلىڭ ئەي پەرزەنتىم، پەقىر سىزنىڭ ئار-
زۇيىڭىزدا بولۇپ يۈرەتتىم. ئەلھەمدۇلىللا، سىزگە ئەنـ
ھا مۇيەسسەر بولدۇم. ئاتتىن چۈشۈڭ، ماڭا قاراپ قە-
دەم ئېلىڭ، بىر نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار، ئېيتاي، — دې-
دى. ھەزرىتى سۇلتان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى
كۆرۈپ ھەيران قالدى. دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ مەر-
دى كالاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بۇ
مەردى كالان:
— ئەي پەرزەنت، نېمە ئۈچۈن سىز بۇ كۇپرى-
بىدئەتنى لازىم قىلىپ، بۇ ئىشنى قىلىشنى ئىختىيار قىـ

① ئەمەكدارى — تەربىيە قىلغۇچى، ئۆز ھىمايىسىگە ئالغۇچى.
② بىناگاھ — تۇيۇقسىز، تۇساتتىن، بىردىنلا.
③ مەردى كالان — چوڭ (ئۇلۇغ) ئادەم.

لىسىز؟ ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، سىزنى ياراتقان خۇدايىڭىز بار. شۇ خۇدانىڭ دوستى پەيغەمبەر يۈرگەن يولدا يۈرۈڭ، — دەپ پەند - نەسىھەت قىلدى. ھەزرىتى سۇلتان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ قانداق كىشىدۇر، ماڭا نىمە سۆزلەرنى ئېيتىۋاتىدۇ، بۇ دىياردا بۇنداق سۆز يوق ئىدى» دەپ ئويلاپ ھەيران بولدى. ئاندىن:

— ئەي مەردى كالان، ماڭا نىمە سۆزلەرنى ئېيتىۋاتىسىز؟ ئەرزىڭىز نىمە؟ — دەپ سورىدى. مەردى كالان ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنتىم، سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ ئەرزىم، سىزنىڭ نازۇك بەدىنىڭىزنى ئاتەش دوزاختا قالمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

ئۇ يەنە ھەزرىتى سۇلتانغا:

— ئەي پەرزەنت، ئاتەش دوزاخ دېگىنىمىز شۇنداق جايكى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت، يىلان، چايانلار بار. ئۇجاي سېسىقچىلىق ۋە قاراڭغۇلۇق. ئۇنىڭغا كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە يامان ئىش قىلغان گۇناھكار بەندىلەر سېلىنىدۇ. خىلمۇ خىل ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيىنىلىدۇ. شۇ دوزاختىكى ئوتنىڭ بىر ئۇچقۇنى بۇ دۇنياغا چۈشسە ھېچنەرسە قالماي كۆل بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتاننىڭ كۆڭلىدە بىر قورقۇنچ - ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئۇ:

— ئەي مەردى كالان، بۇنىڭ ئۈچۈن نىمە قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى، مەردى كالان ئۇنىڭغا:

— لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا. ئەشـ

...ھەدۇئەننە لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ دەڭ، — دېدى.

ھەزرىتى سۇلتان سورىدى:

— ئەي مەردى كالان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

مەردى كالان ئېيتتى:

— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «بىر ئاللادىن بۆلەك ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچنەرسە يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇل ئاللانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىدۇر. مەن راست دىلىم بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەئبۇد يوق ۋە ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ چاغدا ھەزرىتى سۇلتان:

— ئەي مەردى كالان، بۇنداق دېيىشنىڭ پايدىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى. مەردى كالان ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنت، بۇ سۆزنى ئېيتقان كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، بېھىشكە كىرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى سۇلتان:

— ئەي مەردى كالان، سۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. لېكىن بۇنى مەن چوڭ بولغاندا ئېيتاي، — دېدى. بۇ چاغدا مەردى كالان ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنت، چوڭ بولغاندا ئېيتىدىغان سۆزلەر تېخى كۆپ. ھازىر ئېيتىدىغان سۆز مۇشۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ھەزرىتى سۇلتان:

— ئەي مەردى كالان، ماڭا كۆندە بىر قېتىم مۇلاقەت بولۇڭ، مەن تەلىم ئالاي، — دېدى مەردى كالان ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنت، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، تەلىم بېرىپ، تەربىيەت قىلىپ كامالەتكە يەتكۈزىدىغان كىشى تېز پۇرسەتتە يېتىپ كېلىدۇ، سىزنى شۇ كىشى مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ — دەپ ئېيتتى. ھەزرىتى سۇلتان:

— ئانداق بولسا مەن ئىمانىنى ئاشۇ كىشى ئارقىلىق ئېيتاي، — دېدى. ئەمما بۇ مەردى كالان ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئىختىيارىغا قويماي، ئۇنىڭغا ئاۋۋال كەلىمە تەييىبەنى ئېيتقۇزدى. بەزىلەر: «بۇنى ھەزرىتى سۇلتانغا ئۆگەتكەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى»، دەيدۇ. بەزىلەر: «پەرىشتە ئىدى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «خوجا ئەبۇنەسىر سامانى ئىدى» دەيدۇ. راست سۆز شۇكى، بۇ مەردى كالان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى.

ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى سۇلتانغا يەنە ئىمان كەلىمىلىرى بىلەن باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويۇپ غايىب بولدى. ھەزرىتى سۇلتان يېنىپ ئۆز ئوردىسىغا قايتتى. ئۇ، تا خوجائەبۇنەسىر سامانىغا مۇلاقەت بولغۇچە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلمىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتان يەنە قىرىق كىشى بىلەن ئوۋغا چىقتى. شىكار قىلا - قىلا ئاتۇشتىكى «باقۇ» دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر قانچە خوش سۈرەت، ياخشى ئەخلاقلىق ئادەملەرنىڭ بىر يەردە ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ھەز-

رىتى سۇلتان ھەمراھلىرى بىلەن بۇ كارۋاننى كۆرۈپ: «بۇ شەھەردە بۇنداق ئادەملەر يوق ئىدى، بۇلار قانداق كىشىلەردۇر؟» دەپ ھەيران قالدى. ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىغا:

— يۇرۇڭلار، سوراپ باقايلى، بۇ كارۋان قەيەردىن كەلدىكىن؟ مۇبادا يىراقتىن بىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا ئاڭلايلى، ھالىدىن خەۋەر ئالايلى، — دەپ كارۋانلار تەرەپكە راۋانە بولدى.

خۇجا ئەبۇ نەسىر سامانىمۇ بۇ ئاتلىقلار تەرەپكە قارىدى، ئالدىدا كېلىۋاتقان كىشىنىڭ تازىمۇ كۆرگەن ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ: «ئەلھەمدۇلىللا، تەلىپىم مۇيەسسەر بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ دەرھال خىزمەتكارلىرىغا:

— بۇ دۇنيادا مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. بەلكىم مېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىم شۇ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ زاتنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئەي خىزمەتكارلار، يۈكنى ئېچىپ، كەلگەن بۇ پادىشاھقا مۇناسىپ تۆھپە تېپىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى. خىزمەتكارلار يۈكنى ئېچىپ تۆھپە تېپىش بىلەن مەشغۇل بولدى. كارۋانلار ئارىسىدىن بىر كىشى بولسا نامازغا ئەزان ئوقۇدى. يۈكنى ئۇچۇق قويۇپ، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ باشچىلىقىدا ھەممە كارۋان ئەھلى نامازغا تۇرۇشتى. نامازدىن كېيىن، ئۆز جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ھەزرىتى سۇلتان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— بۇ ئاجايىپ كارۋانلار ئىكەن. يۈكلىرىنى ئۇچۇق

قويۇپ، بىزگىمۇ پەرۋا قىلماي، باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى، — دەپ ھەيران بولدى. خوجائەبۇنەسىرسامانى كېلىپ، ھەزرىتى سۇلتانغا سالام قىلدى. ھەزرىتى سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ، خوجائەبۇنەسىرسامانى بىلەن كۆرۈشتى. خوجائەبۇنەسىرسامانى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ھەزرىتى سۇلتاننى چۈشكەن يېرىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئوبدان ماتادىن ئېلىپ كېلىپ، ئالدىغا قويدى. ئاندىن ھەزرىتى سۇلتانغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى سۇلتان بىجانىدىل قوبۇل قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بىر كىشى پەيدا بولىدۇ، ئۇ كىشى سىزگە ئىمانىنى، مۇسۇلمانچىلىقنى ئۆگىتىدۇ» دېگەن سۆزى ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يادىدا بار ئىدى. ئۇ «شۇ كىشىمىكىن؟» دەپ، گۇمان قىلدى ۋە:

— ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى، خوجائەبۇنەسىرسامانى:

— ئېتىم ئەبۇنەسىرسامانى، — دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان: «خىزىر ئېيتقان كىشى دەل شۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە:

— ئەي بوۋا، ھەر نېمە دېسىڭىز قوبۇل قىلدىم. ئەمما بىز شۇنچە ئاتلىق تۇرساق، بىزنى ئېلىۋالارمىكىن دېمەي ماللىرىڭلارنى ئوچۇق قويۇپ، بېشىڭلارنى يەرگە ئۇردۇڭلار. بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجائەبۇنەسىرسامانى:

— ئەي شاھزادە، بۇ دۇنيا تۇرىدىغان دۇنيا ئەمەس.

ھەممە كىشى قالماي كېتىدۇ. پۇل، مال، دۆلەت، ئىززەت
دېگەن ئادەمگە ۋاپا قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى
پۇل سەۋەبىدىن كىشىلەر دوزاخقا گىرىپتار بولغۇسىدۇر.
بىز ھەممىمىز بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىمىز.
سەپەر قىلىدىغان ئادەمگە ئوزۇق، ئۇلاغ، جابدۇق لازىم
بولىدۇ. بىز ئاخىرەت سودىسىنى قىلىپ، بېشىمىزنى
يەرگە ئۇردۇق. ئاخىرەت جابدۇقىنى قىلدۇق، — دەپ
جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان:

— ئاخىرەت دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى. خوجا
ئەبۇنەسىر سامانى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئەبەدىي يوقالمايدى-
غان بىر ھاياتقا ئېرىشىدۇ. ئىنساننىڭ روھى ئەبەدىي
باقى بولىدۇ. ئاللاتائالا بەلگىلىگەن مۇددەت يېتىپ كەل-
گەندە، ئىنساننىڭ روھى قايتا جىسمغا كىرگۈزۈلۈپ ئىك-
كىنچى قېتىم تىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسان ياخشى - يامان
قىلمىش ئىشلىرىنىڭ مۇكاپات - جازاسىنى كۆرىدۇ. ئال-
لاتائالا قۇرئاندا: «مۆمىنلەر شەك - شۈبھىسىز جەننەتتە
بولىدۇ، كاپىرلار — شەك - شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ»①
دېگەن. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئومۇمىي ھاياتىنىڭ دەس-
لەپكى بۆلىكى بولۇپ، ۋاقىتلىقتۇر، ئاخىرەت ھاياتى ئەبەدىي-
لىكتۇر. ئىنسان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بۇ ۋاقىت-
لىق ھاياتتا تولۇق يېتىشىپ بولالمايدۇ، ئىنسان بۇ ۋا-

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ئىنفىتار، 13 — 14 - ئايەتلەر.

قىلتىلىق ھاياتقا ئەمەل ئۆرۈتلىرىنى تېرىيدۇ. ھەقىقىي
نەتىجىسى ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىي، دائىمى ھاياتىدا ئاشكاـ
را بولىدۇ. يەنى ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىنىنى بىجانىدىل
قىلغان نەھى (توسقان) ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغانلار
خۇدانىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، جەننەتكە كىرىـ
دۇ. ئاللانىڭ بۇيرۇغىنىنى تىڭلىماي، گەدەنكەشلىك قىلـ
غانلار، نەھى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغانلار خۇدانىڭ
قەھرىگە ئۇچراپ جەھەننەمگە سېلىنىدۇ. دېمەك
ئۆلگەندىن كېيىنكى مانا شۇ ئەبەدىي ھايات — ئاخىرەت
دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەزرىتى سۇلتان سورىدى:

— جەننەت دېگەن نېمە؟ دوزاخ دېگەنچۇ؟

خوجا ئەبۇنەسىر سامانى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق
دېدى:

— جەننەت دېگەن شۇنداق جايكى، ئۇ يەردە ئىنـ
سان كۆڭلى ھۇزۇرلىنىدىغان ھەممە نەرسە بار، چىرايـ
لىق ھۆر قىزلار، ھەر خىل شېرىن تاتلىق مېۋىلەر،
تۈرلۈك - تۈرلۈك لەزىز تائاملار، ئالتۇن - كۈمۈش،
جاۋاھىراتلاردىن زىننەتلەپ ياسالغان ھەيۋەتلىك ئالىي
بىنالار، باغۇ - بوستانلار بار. ئۇ يەردە ئۆلۈش يوق،
غەم قايغۇ يوق، ئۇ يەرگە كىرگەن كىشى مەڭگۈ ئىنتايىن
باياشات ھايات كەچۈرىدۇ. قىسقىسى جەننەتتىكى بەختـ
سائادەت، ھۆر ھاياتنى تىل بىلەن تەرىپلەپ تاماملىغىلـ
لى بولمايدۇ. دوزاخ بولسا جەننەتنىڭ ئەكسىچە. گۇناھـ
كار ئاسى بەندىلەرنى ئازاپلايدىغان، ئىچى ئوت، يىـ

يىلان، چايان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن لىق تولغان تولـ
ـمۇ دەھشەتلىك بىر ماكان. ئۇ يەردە رەھىم شەپقەت
يوق. دوزاخقا كىرگەن كىشىلەرنى ئېشەك - قېچىردەك
چايانلار، ئات - تۆگىدەك يىلانلار چاقىدۇ. ئوتلار كۆيـ
ـدۈرىدۇ. ئاللانىڭ قەھرىدىن يارىتىلغان ئازاب مەلائىـ
ـكىلىرى بولسا چويۇن گۈرزىلار بىلەن ئۇرۇپ قاتتىق
ئازابلايدۇ. ئىنسان ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي، نالە
زارە قىلىپ يىغلاپ خۇداغا يالۋۇرىدۇ. لېكىن بۇ يىغا ـ
نالە پايدا بەرمەيدۇ. يەنىلا ئازاب قىلىنىۋېرىدۇ. بۇ
يەردىمۇ ئۆلۈش يوق، دوزاختىكى دوزىخىلارغا قىلىنىد ـ
ـىغان ئازاب ئوقۇبەتنى ئادەمىي تىل بىلەن چۈشەندۈ ـ
رۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ھاسىل كالام ھەر بىر بەندە
ئاگاھ ۋە دانا بولسۇنكى، ئۆزىنى، قەۋمى ـ قېرىنداشـ
ـلىرىنى دوزاختىن ساقلىسۇن، خۇدا كۆرسەتكەن يولدا
مېڭىپ جەننەتكە كىرىشنىڭ، خۇدا رەھمىتىگە مۇيەسسەر
بولۇشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن. چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىنكى
پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ!...

ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تېخىمۇ قىزىقىپ
سورىدى:

— زادى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى نېمىلەردىن
ئىبارەت؟

— ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بەش نەرسىدىن ئىـ
ـبارەت، — دېدى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى. — بىرىنـ
ـچى، ئىمان، يەنى ئاللا تائالانى يەككە - يىگانە بىر
بىلىش، بار بىلىش، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى

ئاللانىڭ بەندىسى، بىزلەرگە ئەۋەتكەن ھەقىقىي پەيغەم-
بىرى دەپ بىلىش ۋە ئىشىنىش؛ ئىككىنچىسى، بەشۋاخ
نامازنى ئۆز قائىدىسى بويىچە ۋاقتىدا ئادا قىلىش. ئۈچىن-
چىسى، زاكاتنى ئۆلچەم — پرىنسىپ بويىچە تولۇق بېرىش،
تۆتىنچىسى، يىلدا بىر ئاي (30 كۈن) روزا تۇتۇش، بەشىن-
چىسى، ئىمكانىيىتى يەتسە ھاياتىدا بىر قېتىم ھەج قىلىش.

خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى يەنە ئىسلام دىنىغا دا-
ئىر زۆرۈر كۆپ نەرسىلەرنى بىر — بىرلەپ چۈشەندۈ-
رۈپ، ھەزرىتى سۇلتانغا نەسىھەت قىلدى. ھەزرىتى سۇل-
تان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە بىر قورقۇنچ پەيدا
بولدى. شۇڭا ئۇ:

— ئەي بوۋا، مۇسۇلمان قىلىدىغان نېمىڭىزنى
ماڭا ئۆگىتىڭ. مەن مۇسۇلمان بولاي، — دېدى.
خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىي: سۇلتانغا كەلىمە تەييىبە ①
كەلىمە تەمجىد ② كەلىمە شاھادەت ③ كەلىمە تەۋ-

① كەلىمە تەييىبە — بىر ئاللادىن بۆلەك ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچنەرسە يوق. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇل ئاللانىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

② كەلىمە تەمجىد — ئاللا ھەممە ئەيىپ نۇقسانىدىن پاكتۇر، پۈتۈن گۈزەل تەرىپ ئاللاغا خاستۇر. بىر ئاللادىن بۆلەك ھېچقانداق مەئبۇد يوق. ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. نە گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا، نە ياخشىلىققا ئىنتىلىشكە تاقەت بولسۇن (بىزدىكى ھەر ئىككى خاھىش) پەقەتلا ئاللانىڭ مەدەت قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئاللا ھەممىدىن ئۈستۈن. پاك ۋە كاتتىدۇر.

③ كەلىمە شاھادەت — مەن راست دىلىم بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى بىر ئاللادىن بۆلەك ھېچ مەئبۇد يوق ۋە ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

ھىد① كەلىمە ئىستىغفار② كەلىمە رەددىلكۇفرى ③ ئىمانىم مۇفەسسەل ④ قاتارلىق ئىمان كەلىمىلىرىنى تەلىم بېرىپ، مەنىسىنى چۈشەندۈردى.

---

① كەلىمە تەۋھىد — بىر ئاللادىن بۆلەك ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ نەرسە يوق، ئاللا يەككە يېگانىدۇر. ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ھەممە مۈلۈك (ئىگىدارچىلىق) ئۇنىڭدۇر. بارلىق ياخشى تەرىپ - سۈپەت ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ — ئاللا تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئۆلتۈرەلەيدۇ، ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدادۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

② كەلىمە ئىستىغفار — مەن ئەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن بولغان ياكى ئاشكارا ۋە مەخپىي بولغان تامامى گۇناھلىرىم ئۈچۈن پەرۋەردىگارىم ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە بىلىپ ياكى بىلمەي قىلىپ قالغان بارلىق گۇناھلىرىمدىن قايتىپ ئاللاغا تەۋبە قىلىمەن، ئى ئاللا، ئۆزۈڭ ھەممە غايىبلارنى بىلىپ تۇرغۇچى زات ۋە ئەيىبلەرنى يېپىپ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلغۇچى زات. ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇلۇغ ئاللانىڭ مەدىتى بولماي ھېچقانداق يامانلىقتىن يېنىشقا ۋە ھېچقانداق ياخشىلىققا ئىنتىلىشكە بىزدە قۇۋۋەت بولمايدۇ.

③ كەلىمە رەددىلكۇفرى — ئى ئاللا مەن بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ قىلىشتىن سەندىن پانا تىلەيمەن، بىلمەي قالغان گۇناھلىرىمدىن تەۋبە قىلىمەن، كەچۈرۈم قىلىشىڭنى تىلەيمەن. كۇفرى ئىشلاردىن بىزار بولىمەن. ساڭا ئۆزۈمنى تاپشۇرۇپ ئىسلام ۋە ئىمان كەلتۈرۈپ ئاتىلايمەن ۋە دىلىم بىلەن ئېيتىمەنكى: بىر ئاللادىن بۆلەك ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ نەرسە يوق. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

④ ئىمانىم مۇفەسسەل — مەن ئاللاغا ئىمان كەلتۈردۈم ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدىغانلىقىمىزغا ئىمان كەلتۈردۈم.

هەزرىتى سۇلتان ئۇستازى خوجائەبۇنەسىر سامانىيغا ئەگىشىپ شاھادەت ئېيتتى. ئاندىن ئۇ:

— مۇھەممەت دېگەن قانداق كىشى؟ — دەپ سورىدى. خوجائەبۇنەسىر سامانى:

— ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ يېقىن دوستى. ئۇ زاتنى ئاللاتائالا ئۆز نۇرى پاكلىرىدىن ياراتقان. ئۇ زاتنىڭ جىسمى ئىنسان بولسىمۇ، ئەسلى نۇر، ھەممە نەرسىنى ئاللاتائالا ئاشۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ تۇپەيلىدىن ياراتقان. قىيامەت كۈنى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام گۇناھكار ئۈممەتلىرىنى خۇدادىن تىلەپ دوزاختىن قۇتقۇلدۇرۇپ، بېھىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەق ۋە راست ھەممىدىن ئۇلۇغ دىندۇر، ئۆزگە دىنلار باتىلدۇر①، ھەر كىشى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يۈرگەن يولدا يۈرسە مەقسىتىگە يېتىدۇ، — دەپ ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتان خوجائەبۇنەسىر سامانىدىن:

— يولدىن ئازغانلارغا رەھنەما② بولىدىغان يەنە نېمە بولسا ئېيتىڭ، خۇدايىتائالاغا بەندىچىلىك قىلاي، — دەپ ئۆتۈندى.

خوجائە بۇنەسىر سامانى ھەزرىتى سۇلتانغا شۇ

① باتىل — ناتوغرا، بىكار، بىھۇدە.

② رەھنەما — يولغا باشلىغۇچى. يېتەكچى، رەھبەر.

## پەردە يەنە ئىمانە مۇجمەل① دۇئايى قۇنۇت② ھەمدۇ سانا③ ئەتتەھىياتۇ④ ئىككى دۇرۇد⑤

① ئىمانە مۇجمەل — مەن ئاللانىڭ ئىسمى سۈپەتلىرى قانداق بولسا ئۆز لايىقى بويىچە ئىمان كەلتۈردۈم ۋە پۈتۈن ئەمرى پەرمانلىرىنى دىلىم بىلەن قوبۇل قىلدىم.

② دۇئايى قۇنۇت — ئى ئاللا سەندىن مەدەت تىلەيمىز ۋە مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمىز. ساڭا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرىمىز ۋە ساڭىلا تەۋەككۈل قىلىمىز ۋە سېنىڭ گۈزەل تەرىپىڭنى ۋە شۈكرانەڭنى بىجا كەلتۈرىمىز ۋە ساڭا ناشۈكۈرلۈك قىلمايمىز ۋە ساڭا قارشى جىنايەت قىلىدىغان كىشىلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ تەرك قىلىمىز، ئى ئاللا، ساڭىلا ئىبادەت قىلىپ، سەن ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، سەن تەرەپكە ئىنتىلىمىز. ساڭا خىزمەت كۆرسىتىمىز، رەھمىتىڭدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئازابىڭدىن قورقىمىز. چۈنكى ئازابىڭ كاپىرلارغا يوپۇشقۇچىدۇر.

③ سانا — ئى ئاللا ئۆزۈڭ ھەممىدىن پاك، گۈزەل تەرىپلەر ساڭا خاس. سېنىڭ بۈيۈك ئىسمىڭ بەرىكەتلىك ئۇلۇغلۇقتا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغسەن، سەندىن ئۆزگە ئىبادەتكە لايىق ھېچ نەرسە يوق.

④ ئەتتەھىياتۇ — تەمامى زەبانى ئىبادەت، جىسمانىي ئىبادەت ۋە مالى ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاغىلا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە سالام بولسۇن، ئاللانىڭ رەھمەت بەرىكاتلىرى سىلىگىلا بولسۇن. بىزلەرگە ياخشى، ئوبدان يارامىلىق ئەمەل قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ھەم سالام بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

⑤ ئىككى دۇرۇد — ئى ئاللا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەھلى بەيتلىرىگە، تەبەلىرىگە خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيت، تەبەلىرىگە رەھمىتىڭنى ياغدۇرغىنىڭدەك رەھمەت ياغدۇرغىن. شەكسىز ئۆزۈڭ ھەممە تەرەپتە سازاۋەر ھەممە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى. ئى ئاللا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيت - تەبەلىرىگە، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيت - تەبەلىرىگە بەرىكەت ياغدۇرغىنىڭدەك، بەرىكەت ياغدۇرغىن. ھەقىقەتەن ئۆزۈڭ بارلىق گۈزەل تەرىپلەرگە سازاۋەر ۋە بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىگىسى.

دۇئا ① نى، قۇرئان كەرىمدىن فاتىھە، ئىخلاس قاتارلىق سۈرىلەرنى ئۆگەتتى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق ئۆزىگە ئەگىشىپ بىللە كەلگەن قىرىق نەپەر كىشىنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ كېلىپ:

— ئەي يارەنلىرىم، ئەگەر ماڭا دوست-ئاشنا بولساڭلار ماڭا ئوخشاش ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇڭلار. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەممە دىنلاردىن ئۇلۇغ تولىمۇ كاتتا دىن ئىكەن. شۇ پەزىلەتلىك دىنغا مۇشەررەپ بولۇڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلدى. بۇ قىرىق نەپەر كىشىنىڭ بەزىسى ئۆز ئىختىيارىچە مۇسۇلمان بولدى. بەزىسى ھەزرىتى سۇلتاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى، ئۇلار تا نامازدىگەرگىچە ئىسلام دىنىغا دائىرە تەلىماتىنى ئۆگەندى.

خوجا ئەبۇنەسىر سامانى ئۇلارغا:

— يىنىڭلار، ئەگەر يانمىساڭلار سىلەرنى كىشى ئىزلەپ كېلىشى مۇمكىن. سىلەرنى بۇ جايدىن تاپسا ھەممىمىزنىڭ بېشى ئۆلۈمگە كېتەر. بۇ كاپىرلار تۈرلۈك-تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىپ، بىزگە ئامان بەرمەسلىكى

① دۇئا — ئى ئاللا، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىپتىمەن گۇناھلارنى ئۆزۈڭدىن بۆلەك ھېچكىم كەچۈرەلمايدۇ، ئەمدى مېنى ئۆزۈڭ كەچۈرۈم قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم، مېنى ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن قىلغىن. ئەۋلادلىرىمنىمۇ ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن قىلغىن، گۇناھىمنى كەچۈرگىن. ھېساب جازا كۈنىسى ئاتا-ئانام ۋە بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن. دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن يارەب.

ھۆكمىن. ناۋادا مېنىڭ قېشىمغا كېلىشنى خالىسائىلار كېچىسى پىنھان كېلىڭلار. كاپىرلار تۇيمىسۇن، قۇرئاننى ۋە نامازنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوياي، — دەپ ئۇلارنى ياندۇردى. نامازدىگەردىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق باشلىق بۇ قىرىق بىر نەپەر كىشى ھەزرىتى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيلىرىگە ياندى.

شۇ كېچىسى تۈن يېرىم بولغاندا ھەزرىتى سۇلتان ئورنىدىن قوپۇپ، خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قېشىغا كەلدى. باش توخۇ چىللىغۇچە خوجا ئەبۇنەسىر سامانىدىن قۇرئاننى ئۆگەندى. ئاندىن ئۆيىگە قايتتى. تاڭلا كېچىسى يەنە تۈن يېرىمىدا بېرىپ باش توخۇ چىللىغۇچە قۇرئان ئۆگەندى. ئاللاھازەل بۇ ئىش يەتتە كۈنگىچە شۇنداق داۋام قىلدى. سەككىزىنچى كېچىسى تۈن يېرىمىدا بۇ قىرىق بىر نەپەر كىشى خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن كالامۇللانى تامام قىلىپ، ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قۇرئاننى ياد ئالدى ۋە خان مەرتىبىسىگە ئىگە بولدى. ئالتە ئايغىچە ھەزرىتى سۇلتان شۇ تەرىقىدە ئۆتتى.

ئەلقىسسە، ھارۇن بۇغراخان كاپىرلىقتا تاشتىن قاتتىق ئىدى. لەشكىرىمۇ تولا ئىدى. ئۇلار پەم - پاراسەت بىلەن ھەزرىتى سۇلتاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى گۇمان قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ ئاشكارا بولسۇن، دەپ ھېچقانداق كىشىگە ئېيتمىغان ئىدى. بىر كۈنى ھارۇن بۇغراخان چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭغا

چىر شىر پەنجە ئۇردى. ئۇ قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسىدىن سورىدى. ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسى:

— بۇنداق چۈشنى شەيتانىي دەيدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ كۆڭلى ئارا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ:

— ئەي خوتۇن، ئۆتكەندە بالاڭنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدىڭ. ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزنى ۋەيران قىلىپ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەۋاتىدۇ. چۈشۈمدە كۆرگەن شىر سېنىڭ بالاڭ. ئاخىر ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. مەن ئىلاج قىلىپ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەستىن بۇرۇن، ئاۋۋال مەن ئۇ بالاڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزۈمنى خالاس قىلمىسام بولماس، — دېدى، ئاندىن يەنە، — ئەي خوتۇن، بىلگىنكى، سەن قاچان مېنىڭ بالام چوڭ بولۇپ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ۋەيران قىلىپ مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرسە، ئاندىن ئىختىيار سىلەردە بولسۇن دەپ ئۆزۈڭ ئىپتىقان ئىدىڭ. بىز بالاڭنى «دىنىمىزنى ۋەيران قىلماستىن بۇرۇن ئۆلتۈرەيلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشتۇق — دېدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي بەگلەر، ئەي ئۇمىرالار، بىزگە دۈشمەن پەيدا بولۇپتۇ. ئاۋۋال دۈشمەننى ئاردىن يوق قىلايلى. ئەگەر يوق قىلمىساق ئاخىر ھەممىمىزنى شۇ دۈشمەن ھالاك قىلىدۇ، — دېدى. بەگلەر:

— ئەي پادىشاھىم، جېنىمىزغا كەلگەن دۈشمەننى نېمە ئۈچۈن يوق قىلمايمىز، — دەپ، بۇ كاپىرلار ھەز-

رىتى سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىشتى. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئانىسى:

— ئەي كاپىرلار، نەچچەن يىلدىن بېرى مۇشەققەت بىلەن ئاران چوڭ قىلغان بالامنى نېمە ئۈچۈن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈسىلەر!؟ — دەپ ئاردىلا چۈشتى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي خوتۇن، بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرگەندىنىڭ يامان گۇناھ بارمۇ؟ — دېدى. ھەزرىتى سۇلتانغا ئانىسىنىڭ مېھرى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ:

— ئەي كاپىرلار، بالامدىن ئىمتىھان ئېلىپ بېقىڭلار، ئەگەر ھەقىقەتەن مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرگەن بولسا ئاندىن ئۆلتۈرۈڭلار، — دېدى. ھارۇن بۇغراخانغا بۇ سۆز ياقتى. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئۆز ئاتىلىرىدىن قالغان بىر كىشىسى بار ئىدى. ئۇ ئادەم:

— شۇنداق، ئاۋۋال سىناپ بېقىش كېرەك، — دەپ ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. ھارۇن بۇغراخان بەگلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، بىر بۇتخانا سالماقچى بولدى. خىشلىرىنى تەييار قىلىپ ھەزرىتى سۇلتان غازىسغا كىشى ئەۋەتتى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سىزنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىردىڭىز دەپ گۇمان قىلىۋاتىمىز، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بولسا كاپىرلارنىڭ رەسىم - ئادىتى بويىچە ئانت ئىچتى. بىراق ھارۇن بۇغراخان ئىشەنمە-

ھدى. ئۇ:

— ئەي پەرزەنت، ئانت ئىچكىنىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، چىن بىر بۇتخانا ياسىماقچىمىز. شۇ بۇتخانىنىڭ ئۇلىنى سىز قويىسىز، ئاندىن سىزگە ئىشىنىمىز، بولمىسا ئىشەنمەيمىز، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان «قانداق قىلسام بولار ئىكىن» دەپ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئاخىر ناھايىتى پەرىشان بولغان ھالدا قوبۇل قىلىپ كەچتە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆيلىرىگە ياندى، تۈن يېرىمىدا ئۇ، ئۇشتازى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، ھارۇن مېنىڭ مۇسۇلمان بولغان، بولمىغانلىقىمنى ئىمتىھان ئارقىلىق بىلمەكچى بولدى. كاپىرلار بىر بۇتخانا ياسارمىش. ئۇ بۇتخانىنىڭ ئۇلىنى سىز ئېتىڭ دەۋاتىدۇ. قوبۇل قىلاي دېسەم كۇپرىغا داخىل بولارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. بۇنىڭ چارىسى نېمە؟

خوجا ئەبۇنەسىر سامانى ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنت، دىنىنى ۋە ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە زالىملار تەرىپىدىن زورلانغان ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر تامغا ئۇل قويۇشتا سىز «مەسچىت» دەپ نىيەت قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، بەلكى خۇدايىتائالانىڭ ئالدىدا ساۋاب تاپىسىز. لەنىتى كاپىرلاردىن خالاس بولىسىز. تولا پەرىشان بولماڭ، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە قايتتى. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ئاپتاپ چىققاندا، ھارۇن بۇغراخان جىمى لەشكەرلىرى بىلەن بۇتخانا سالدىغان

يەرگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن ھەزرىتى سۇلتاننى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەي پەرزەنت، بىز بۇگۈن بۇتخانا تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئۇردىمىز. ئەگەر سىز راستىنلا بىزنىڭ دىنىمىزدا بولسىڭىز بىز باش ئۇرغان بۇتقا باش ئۇرۇڭ. بۇتخانىنىڭ تېمىغا سىز ئاۋۋال ئۇل قويۇپ بېرىڭ، ئاندىن بىزنىڭ كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان «خوش» دەپ، ئۆز رىغبەتلىرى بىلەن پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، يارەنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككىدىن خىشنى كۆتۈرۈپ، بۇتخانا سالىدىغان يەرگە ئېلىپ باردى. تۆتىنچى نۆۋەت خىشنى ئېلىپ باراي دەپ تۇرغاندا، ھارۇن بۇغراخان چاقىرىپ:

— ئەي پەرزەنت، ئەمدى توختاڭ. سىزنى بۇنىڭدىن زىيادە تۇپراققا بۇلغاشقا تاقىتىم يوق، بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىزنى سىناماقچى ئىدىم. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، نېمە قىلىشنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ! — دېدى - دە، ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن يېنىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان شۇ كۈنى قەدىرلىك پىر ئۇستازى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، سىز ئېيتقاندەك قىلىپ، كاپىرلارنىڭ قولىدىن خالاس بولدۇم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئاندىن ئۇ يەنە:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاپىرلار بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇنىڭ مەسلەھەتىنى قىلايلى، — دېدى،

خوجا ئەبۇنەسىر سامانىي ئۇنىڭغا:

— پادىشاھ ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان:

— ئەگەر مەسلىھەتىنى ماڭا قويسىلا، تاشقىرى چىقىپ كاپىرلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتسەمەن. خۇدايىتائالا زەپەر بەرگەي، — دېدى. خوجا ئەبۇنەسىر سامانىي خۇشال بولۇپ:

— ئەگەر ھىممەت قىلسىڭىز بۇ دېگىنىڭىز ياخشى...— دەپ قوللىدى ۋە: — بىراق لەشكەرلىرىمىز ئاز — دەپ ئىككىلىنىشتە بولدى. ھەزرىتى سۇلتان:

— «ئاللا بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» ① ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللادىن ئۆزگىدىن ئۈمىد تۇتمايمەن. مەيلى لەشكەر ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن جەڭ قىلىمەن، — دەپ جەڭ قىلماققا تەييارلانغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋەھالەنكى، شۇ ۋاقىتتا بەزى مۇسۇلمانلار كاپىرلاردىن قورقۇپ يوشۇرۇن ھالدا تائەت - ئىبادەت قىلاتتى. خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يۈزچە مۇسۇلمان جەم بولۇپ، ئاشكارا تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى.

بۇ كېچە ئۆتتى. تاڭلا كېچىسى ھەزرىتى سۇلتان قىرىق نەپەر كىشى بىلەن پىر ئۇستاز خوجا ئەبۇنەسىر

① قۇرئان كەرىم سۈرە ئەنئام، 18 - ئايەت.

ساماننىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەي بۇزۇرۇكۋارىم، قوپسىلا، بۇ تەخىر قىلىپ
تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولايلى.
پىلانلىغان ئىشلىرىمىزنى قىلىپ، بۈگۈن تاڭ ئاتقۇچە
ئۆزىمىزنى بىر يەرگە ئالايلى، — دېدى.
ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان، خوجا ئەبۇنەسىرسا-
مانى ۋە جەمى مۇسۇلمانلار بىللەن ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ يولغا راۋانە بولدى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئور-
دىسىغا يەتتى، خوجا ئەبۇنەسىرسامانى قول كۆتۈرۈپ:
— ئى بارا خۇدايا، ئۆز پەزلى ئېھسانىڭ بىلەن بۇ
كاپىرلارغا قاتتىق ئۇيقۇ بەرسەڭ، — دەپ دۇئا قىلدى.
بۇ ئەزىزنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، كاپىرلارغا شۇن-
داق ئۇيقۇ بەردىكى، بېلىدىن تۇتۇپ سۆرىسىمۇ ئويغانمايتتى.
ئىسلام لەشكەرلىرى كاپىرلارنىڭ ئوردىسىغا باس-
تۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى تۆت يۈز ئاتنىڭ ھەممىسى-
نى ئالدى. جەڭ سالاھىيىتىمۇ ئېشىپ قالغۇچە ئالدى. بىر
ئايلىق ئوزۇق - تالقاننى غەملىۋېلىپ، بەزى كاپىرلارنى
ئۆلتۈرۈپ ياندى. بىراق بۇ ئىشنى كاپىرلارنىڭ ھېچ
قايسىسى تۇيمىدى. مۇسۇلمانلار تاڭ ئاتقۇچە يول يۈ-
رۈپ تۆگە تاغقا چۈشتى. ئەتىسى بۇ ھالدىن خەۋەر تاپ-
قان ھارۇن بۇغراخاننىڭ بېشىنى غەم دەرياسى باستى.
ئۇ قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن قوغلاپ كېلىپ، تۆگە تاغنى قا-
مال قىلدى. ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ باھادىرلىرى بولسا
جەڭ سالاھىنى كىيىپ، تاغ تۈۋىگە بېرىپ مەيدانغا چۈ-
شۈپ ئۇرۇشقا تەييار بولدى. ئۇ كۈنى ناماز پېشىنگى-

چە جەڭ بولدى. بۇ جەڭ شۇنداق قاتتىق بولدىكى، كاپىرلاردىن بەش مىڭ كىشى دوزاخقا ئۇزىتىلدى، مۇسۇلمانلاردىن بولسا ئىككى كىشى شاھادەت دەرىجىسىنى تاپتى. ئەتىسى ئىسلام لەشكىرىنىڭ سېپىگە ئالتە مىڭ كىشى قوشۇلدى. يەنە ئەتىسى ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە زىيادە بولدى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ بولدى. كاپىرلار زەربە يەپ، مۇسۇلمانلار زەپەر تاپتى. ئىسلام لەشكەرلىرى كۈندىن كۈنگە ئاۋۇپ ئون ئىككى مىڭغا يەتتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئوزۇق ـ تالقان توگىدى، ئاتلار ئورۇقلىدى. بىر كۈنى مۇسۇلمانلار جەم بولۇپ، خوجا ئەبۇنەسىرسامانىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـــ ئەي بۇزۇرۇكۋار، بىز قاچانغىچە بۇ يەردە تۇرىمىز، سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرى نېمىكىن؟ ـــ دەپ سورىدى. خوجائەبۇنەسىرسامانى ئۇلارغا:

ـــ ئەي يارانلار، ئۆزۈڭلەر بىلىڭلار! ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان:

ـــ ئەمىسە خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ كېچىدە ھۇجۇم قىلايلى. ئاللاتائالادىن نېمە كەلسە شۇنى كۆرەيلى، ـــ دېدى. بۇ سۆز خوجائەبۇنەسىرسامانغا ياقتى. مۇسۇلمانلاردىن ئون ئىككى مىڭ كىشى جەڭ سالاھىنى كەيدى. باش توخۇ چىللىغاندا ئاتلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ، كاپىرلارنىڭ بېشىغا كەلدى. ھەزرىتى خوجائەبۇنەسىرسامانى قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. خۇدايىتائالا بۇ لەئى

ەتى كاپىرلارغا قولىنى كېسىپ تاشلىسىمۇ تۈمەنخۇدەك قاتتىق ئۆيقۇ بەردى.

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈپ، شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ، ئوردىغا كىردى. ھارۇنخان قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. بىر خىزمەتكارى بېشىدا چىراغ يانىدۇرۇپ ئولتۇراتتى. ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق «ھارۇننىڭ بېشىنى كېسەي» دەپ يالىڭاچلانغان شەمشىرىنى تەڭلىدى-يۇ، ئەمما: «دۈشمەننى ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈش مەردلىك ئەمەس، ياخشىسى بۇ كاپىرنى ئىمانغا دەۋەت قىلاي، ئېھتىمالكى مۇسۇلمان بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىسا ئاندىن ئۆلتۈرەي. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانچە كاپىر بولسىمۇ مەندە ھەققى بار، تۇزىنى يېدىم» دەپ ئويلاپ شەمشىرىنىڭ ئۇچىنى پۇتىغا سانجىدى. ھارۇن بۇغراخان چۆچۈپ ئويغىنىپ بىتاقەت بولدى.

قارىسا سۇلتان شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ كاپىر دېدىكى:

— ئەي سۇلتان، سەندە شۇنچە دۆلەت تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟

ھەزرىتى سۇلتان ئۇنىڭغا:

— ئەي كاپىر، ئىشىنىڭ ئوبدىنى شۇكى، مەن قىلغان ئىشنى قىلغىن، ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا يەنى، بىر ئاللادىن باشقا خۇدا يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئول ئاللانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ھەققىي ئەلچىسىدۇر دەپ ئىمان ئېيـ

تىپ مۇسۇلمان بولغىن، — دېدى. ھەر چەندە زور سىياسەت قىلىپ قورقۇتسىمۇ ئۇ بەدبەخت كاپىر ئۇنىمىدى.

ھەزرىتى سۇلتان نەچچە قېتىم شەمشىرىنى تەڭلەپ، يەنە «ھەر نېمە بولسا مەندە ھەققى بار» دەپ قايتۇرۇۋالدى. ئاخىر بارلىق مۇشكۇل ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى ئاللا دەرگاھىغا مۇناجات قىلىپ:

— ئى بارا خۇدايا، سەن ھەممىنى بىلىسەن، بارچىنى كۆرۈپ تۇرىسەن، بېشىنى كېسەي دەپ نەچچە قېتىم شەمشەر تەڭلىدىم، يەنىلا ئۆز ھەققىنى ساقلىدىم. قەھرىڭ بىلەن بۇ كاپىرنى يەرگە يۇتتۇرساڭ، — دېدى.

سۇلتاننىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولدى، يەر تىترەپ تەۋرەپ ھارۇننى سىنەسىغىچە يۇتتى. ھەزرىتى سۇلتان ئۇنىڭغا:

— ئەي كاپىر، كۆردۈڭمۇ، ھازىر ئىمان ئېيتساڭمۇ بولىدۇ، مەن ساڭا دۇئا قىلاي، خۇدايىتائالا سېنى بۇ بالادىن خالاس قىلسۇن، — دەپ نەسىھەت قىلدى. بىراق ھارۇن ئۇنىمىدى. ئۇ:

— ئەي سۇلتان ساتۇق، سېنىڭ دىنىڭغا كىرگىنىمدىن يەرگە كىرگىنىم تۈزۈك، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان غەزەپكە كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. يەر يېرىلىپ ھارۇننى يۇتتى. شۇ زامان سۈبھى يورىدى، ئالەم نۇرلاندى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ دەۋرى كەلدى. ئۇ:

— بەش ۋاخ نامازغا ئەزان ئوقۇڭلار، — دەپ

ئەمىر قىلدى. كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ غالىپ كەلگەنـ
لىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا جاھىللىق بىلەن مەيدانغا كىرـ
لىپ، ناماز پېشىنگىچە جەڭ قىلدى. بەزىلەر ئوشۇقەدەمچە
قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق دېيىشتى. راست سۆز شۇكى،
مەيدانىنىڭ ھەممە يېرى قانغا بويالدى. شۇ كۈنى خۇـ
دايىتائالانىڭ ئىنايىتى، مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان يارـ
دىمى ۋەھەزرىتى مۇھەممەت رەسۇلۇللانىڭ مەدىتى بىلەن
ئۈچ مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ ئىمان ئېيتتى. غازىـ
لار زەپەر تاپتى. كاپىرلار مەغلۇپ بولدى.

شۇ كۈنى ھەزرىتى سۇلتاننىڭ نەچچىلىگەن كاـ
رامەتلىرى زاھىر بولدى. ئۇنىڭ شەمشىرى كۆرۈنۈشتە
خەلقنىڭ شەمشىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ھەر
قېتىم كاپىرلارغا سالغاندا قىرىق گەز ئۇزىرايتتى. ئۇـ
نىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى سۇلتاننىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ ئاغـ
زىدىن ئوت ئېتىلىپ چىقىپ كاپىرلارغا تۇتىشىپ ئۇلارـ
نى كۆيدۈرەتتى. كاپىرلار قورقۇپ جامائە - جامائە
سەپ - سەپ بولۇپ كېلىپ ئىمان كەلتۈردى.

شۇ كۈنى بۇ ئۇلۇغ زات غازىلىق نام ئالدى. بەـ
زىلەر: «ھەزرىتى سۇلتان غازى بولغاندا، ئون ئىككى
يېرىم ياشتا ئىدى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئون ئالتە
ياشتا ئىدى» دەيدۇ. راست سۆز شۇكى، ئون ئالتەياشـ
تا ئىدى.

ئەي دەرۋىشلەر، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، خۇش
دۆلەت ۋە خۇش سائادەت ئىگىسى بولغان ھەزرىتى
سۇلتانغا كىچىكلىكىدىلا بۇنداق دۆلەت مۇشەررەپ بولـ

دى. غازىلىق ئاتاق ئېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى ئاشكارا قىلدى.

مەلۇم بولسۇنكى، ھەزرىتى سۇلتان 12 يېشىدىلا غازاتقا مەشغۇل بولغان ئىدى. ئۇ ياز كۈنلىرى كاپىرلار بىلەن غازات قىلسا، قىش كۈنلىرى تائەت ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 96 ياشقا يەتكۈچىلىك ئۇ تەرىپىدىن بەلىخنىڭ ئالدىدىكى ئۈمىد دەرياسىغىچە، بۇ تەرىپى كۈن چىقىشتىكى كۆك مەنزىلگىچە، شىمال تەرىپى قاراقۇرۇم دېگەن يەرگىچە شەمشەر بىلەن كاپىرلارنى مۇسۇلمان قىلىپ ھەزرىتى مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللانىڭ شەرىئەتلىرىنى، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھەپلىرىنى، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ مىللەتلىرىنى بەر قارار قىلىپ شەرئىگە راۋاج بەردى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتان ئىختىيارقىلىپ شىكارغا چىقتى. يارانلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، سەھرا تەرەپكە راۋانە بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر كېيىك سەكرەپ چىقتى. ھەزرىتى سۇلتان كېيىكنى قوغلاپ 20 — 30 كىلومېتر يەرگە بارغاندا يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. كاۋاپ ئېتىپ يېمەكچى بولۇپ ئوت قالاپ تۇراتتى، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يارانلىرى يېتىپ كەلدى. تۇز يوق ئىدى. ھەزرىتى سۇلتان ئاسمانغا قارىغان ئىدى، غايىبتىن بىر پارچە تۇز چۈشتى. كاۋاپنى تۇزلاپ يېدى. ئېشىپ قالغان تۇزنى ھەزرىتى سۇلتان تاغقا تاشلىدى. تاغنىڭ ھەممىسى تا قىيامەت كۈنگىچە تۈگىمەيدىغان تۇز بولدى. ھەزرىتى سۇلتان بۇ

ھەردە يەنە نەچچىلىگەن كارامەتلىرىنى زاھىر قىلدى.

مەلۇم بولسۇنكى، ھەزرىتى سۇلتان خاتەمۇل ئەن-
بىيا ۋە تاجىئول ئەسپىيا يەنى ھەزرىتى مۇھەممەت
مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تەربىيەت تاپ-
قان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىس-
سالامنىڭ تەسىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ زاھىر ئۇستا-
زى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىدىن تەربىيەت ئېلىپ ئاخىر
ئۇۋەيس يەنى ئەۋلىيالار كاتتىلىرىدىن بولۇپ يېتىلدى.

بىر يىلى، ھەزرىتى سۇلتان كۆلى ① تەرەپكە
قاراپ غازاتقا ئاتلاندى. ئۇ خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلە-
لەن تۇرپانغىچە بېرىپ، ئۇ يەرنى مۇسۇلمان قىلدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەل بولۇپ قېلىپ، كۆلى تەرەپكە
يول چىقمىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھەزرىتى سۇل-
تانغا «قەشقەرگە يانغىن» دېگەن بىشارەت بولدى. ھەز-
رىتى سۇلتان نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە قاي-
تىپ كېلىپ، بىر يىل زەئىپلىكتە ياتتى. ئاخىر جىمى
يارانلىرىنى چىللاپ:

— ئەي يارەنلەر ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەينى ۋاقىت-
تا مېنىڭ روھىم ئەرشتىن بۇ ئالەمگە كېلىشتە، ھەر-
بىر ئاسمانغا ئېلىپ كېلىنگەندە پەرىشتىلەر: «شۇنداق
پاكىز روھ يۈزمىڭ ئەيىبكە گىرىپتار بولغان بۇ كاسا-
پەت دۇنياغا كېتىپ بارىدۇ» دەپ ئەپسۇسلانغان ئىكەن.
ئەلھەمدۇلىللا، پەرىشتىلەرنىڭ دېگىنىدەكمۇ بولمىدىم

① كۆلى — سەددىچىننىڭ ئىچى.

ھېچبىر كاساپەتچىلىككىمۇ مۇپتىلا بولمىدىم، — دېدى. بۇ يەردە بىر ئۇۋەيس كىشى بار ئىدى. ئۇ:

— بۇ دۇنيادا گۇناھ قىلمايدىغان قانداق كىشى كەن ئۇ؟ — دېدى جەزملەشتۇرۇپ.

بۇ دەرۋىشنىڭ ھەزرىتى سۇلتاننى ئىنكار قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. ھەزرىتى سۇلتان بۇ دەرۋىشنىڭ دەرۋىشلىك يولنى باغلاپ، ۋىلايىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن جىلىتكىسىنىڭ تۇگمىسىنى ئەتتى. شۇ زامان دەرۋىشنىڭ ۋىلايىتى (ئەۋلىيالىق مەرتىۋە، ھوقۇقى) يوق بولدى. دەرۋىش ھېچ ۋەج بىلەن دەرۋىشلىك يولنى ئاچالمىدى.

ئەلقىسسە، دەرۋىش ھەزرىتى سۇلتاننى ئىنكار قىلغىنىغا يۈزمىڭ چەندان پۇشايمان قىلدى. ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلارنىڭ ۋە ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ روھلىرىنى شېپى كەلتۈرۇپ قىلغان ئىنكارىغا توۋا قىلدى. ئاندىن ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، گۇناھىنى تىلىدى. ھەزرىتى سۇلتان ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەرۋىشنىڭ كۆڭلى يورۇپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن ۋەلىلىق يولى ئېچىلدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى، ھەزرىتى سۇلتان ئولتۇراتتى، دەرۋىش سۇرىتىدە بىر كىشى كېلىپ سالام قىلىپ:

— خۇدا يولىدا بىر نەرسە بەر! — دېدى، ھەزرىتى سۇلتانە

— سىز نېمە كىشى مەندىن نېمە تىلەيسىز؟ — دەپ سورىدى، دەرۋىش ئۇنىڭغا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئاقىل كىشى ھەر ئىشنى بىشارەت بىلەن بىلىدۇ، — دەپ ئېيتتى، ھەزرىتى سۇلتانغا ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانەتنى ئالغىلى كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ھەزرىتى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ئوغلانلىرىدىن خوجا ئەبۇل پەتتاھ ھەزرىتى سۇلتاننىڭ خەلىپىلىرى ئىدى. پەزىل - كارامەتتە ھەزرىتى سۇلتانغا باراۋەر ئىدى. ئىسمى شەرىپلىرىمۇ مۇبارەك ۋە مۇقەددەس ئىدى.

ھەزرىتى سۇلتان ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ئەي يارانلىرىم، سىلەرمۇ مەن يۈرگەن يولدا يۈرسەڭلار، مەن قىلغان ئىشنى قىلساڭلار، خۇدا يەتا ئالا ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادا بەرگەن دۆلەتتىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق دۆلەت ۋە ئىززەت بېرىدۇ — دېدى. ئاندىن: — خەلىپەم خوجائەبۇل، پەتتاھقا ئېيتىڭلار، تولا سېغىندىم. پاتراق قېشىمغا يېتىپ كەلسۇن — دېدى. خوجائەبۇل پەتتاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىجانىدىل ۋوبول قىلدى. زوق - شوۋقى غالىپ كېلىپ ئۈچ مەرتىبە كېلىپ ھەزرىتى سۇلتاننى يوقلاپ كەتتى. ئاندىن سۇلتان ئولتۇرۇپ:

— ئى بارا خۇدايا، ھېچ يارلىق يوقكى، جانىمنى ئالغايسەن، — دەپ مۇناجات قىلدى، شۇ زامان خوجائەبۇ-

نەسىر ساماننىڭ روھى كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك بۇغرام، سىز يەنە بىر نەچچە مەھەل تۇرۇپ، مەملىكەتنى باشقۇرۇپ، پەررەنتلەرنى ئاسراپ، تەربىيەت قىلىپ كامالىغا يەتكۈزۈپ، ئاندىن كېيىن قېشىمغا كېلىڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەبۇلپەتتاھ ھەزرىتى سۇلتاندىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى. خوجا ئەبۇلپەتتاھنى گۆردە قويغاندا، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ كىشىلەر ئوخشاش گۆردىن: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك ھەزرىتىگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچى سەن»① دېگەن ئاۋاز كەلدى. گۆر بېشىدا تۇرغانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ پەرياد قىلىشتى. شۇ كېچىسى شەيخ نەجمىدىن چۈشىدە خوجا ئەبۇل پەتتاھنى كۆرۈپ:

— ئەي خوجا ئەبۇل پەتتاھ، سىزگە خۇدا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ — دەپ سورىدى. خوجا ئەبۇل پەتتاھ ئۇنىڭغا:

— ئەي شەيخ نەجمىدىن، مېنىڭ روھىم ھەزرىتى سۇلتاننىڭ روھىغا قوشۇلدى. ئالەمنىڭ غېمىدىن خالاس بولدۇم، خۇدايىتائالانىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆلگىنىنى بىلەن تىرىكىنىڭ پەرقى يوق ئىكەن، نېمە كۆرسەڭ شۇنى ئېيتقىن، — دەپ غايىب بولدى.

ئىلاھى پاك پەرۋەردىگار، مۇشۇ غازىلارنىڭ ھەققى

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە مۆئمىنۇن، 29 ـ ئايەت

ھۆرمىتى ئۈچۈن جىمى ئاسىيلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، تۇغرا يولنى سالغايسەن، ئەي رەھىمە قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىمە قىلغۇچىراقى ھەممە ئىش سېنىڭ پەزلىڭ. ئۇلۇغلۇقلىڭ رەھمىتىڭ بىلەن بولىدۇ. دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن.

## سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا مەدھىيە

غازى ① لارنىڭ بورھانى ② سۇلتان ساتۇق بۇغراخان،
خاقانلارنىڭ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئەرشتە نۇرى كۆرۈنگەن، ئەھمەد ③ كۆرۈپ سۆيۈنگەن،
سەپ ـ سەپ مەلەك تىزىلگەن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ماشايىخلار شەھبازى ④ ئەرش ئۈستىدە پەرۋازى،
غازىلارنىڭ جانبازى ⑤ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئىسلام ئىشىكىن ئاچقان، ئىمان نۇرىنى چاچقان،
مەشھەد ئىچىدە ياتقان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
مۇستەفادىن تەربىيەت، ھەقدىن ھەم رەھمەت
تاپتى سۇلتان، تەبئىيەت ⑥ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

---

① غازى — غازات قىلغۇچى، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان ھايات قالغان كىشى.
② بۇرھانى — دەلىل، ھۆججەت، گۇۋاھ، دەستەك.
③ ئەھمەد — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىسمى.
④ شەھباز — لاچىن.
⑤ جانباز — جان بىلەن ئويناشقۇچى.
⑥ تەبئىيەت — تەۋە بولغان.

سۇلتان زۇھۇر ئەتتىلەر، ھەركۈن ئۇۋغا كەتتىلەر،
ھەقىقەتكە يەتتىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
غازىلارنى باشلىغان، شۇڭقار، لاچىن قۇشلىغان،
كۆڭلى ھەقنى ئۇشلىغان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
مەنزىللىرى لالەزار، ئۇلۇغلىرى مىرغىزار،①
ئەبۇنەسىر ئىنتىزار، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان پىرغە ئۇلاشتى، پەلەك ـ مەلەكتىن ئاشتى،
ھەق جامدىن مەي ئىچتى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان ئالدى تىغ ئىللا، ② باقى قالدى ھۇۋەللا،③
پانى④ بولۇپ مۇئەللا⑤ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئەبۇل پەتتاھى غازى، سۇلتانىنىڭكى ھەمرازى،
شەھبازلارنىڭ شەھبازى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
يەتتە كېچە كۈندۈزدىن، ئاتلار قالدى يۈرۈشتىن،
پىكىر ئەتتىلەر يۈرۈشتىن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان تەلقىن⑥ قىلدىلەر، ئىلمى لەدۇن⑦ بىلدىلەر،
مەسھەب⑧نى ياد ئالدىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
قىلىچ تارتىپ يۈردىلەر، كاشغەر ئىچرە كىردىلەر،
قۇت مىڭ كاپىر سۈردىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئۈچ يۈز كارۋان سۈرەتلىك، كاپىرلارغا ھەيۋەتلىك،

---

① مىرغىزار — ئوتلاق.

② ئىللا — خۇدا.

③ ھۇۋەللا — خۇدا بىر.

④ پانى — يوق بولغۇچى، يوقالغۇچى.

⑤ مۇئەللا — ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، يۇقىرى ئالىنغان.

⑥ تەلقىن — ئۈندەش

⑦ ئىلمى لەدۇن — خۇدا تەرەپتىن تەبىئىي بېرىلگەن بىلىم

⑧ مەسھەب — قۇرئان كەرىم.

ھەقنە ئەردى قۇربەتلىك، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان باشلاپ ئات سالدى، سانسىز تەندىن باش ئالدى،
جەڭ كانىيىنى چالدى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ھەر كۈنى ئىلغار① يېتىشتى، ئاتلار سالىپ چاپىشتى،
ياۋنى قوغلاپ سۈردىلەر سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان قىلدى مەسلىھەت، ئەبۇ نەسىر ئىلە مەشۇرەت،②
شەبخۇن ئۇرماق③ بۇ نىيەت، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تۈن كېچىدە سالدىلەر، كاپىرلارنى قىردىلەر،
پارە - پارە قىلدىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
سۇلتان ھارۇن قېشىغا، قىلىچ تارتىپ بېشىغا،
قىلدى خىتاب ئۇنىڭغا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئەيدى: «ئايا ھارۇنخان، قىلغىل ئەمدى پۇشايمان،
دىنى بۇددادىن سەن يان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
كەلتۈر ئىمان خۇداغا، ئىككىنچى مۇستەفاغا،
كىرگىل يولى ساپا④غە، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
دېدى ھارۇن: «ئەي بوتام، بىلمەسمەن مەن ھەم بابام،
مۇنداق سۆزنى قىل تامام»، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
يانماسمەن ئۇل ئىشىمدىن، كەچسەم ياخشى بېشىمدىن،
بۇ پەئىل⑤ ئەندىشىمدىن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ئېرىق بولۇپ ئاقتى قان، ئۇرۇش بولۇپ ھەر دېبان،
ئىسلام شەھىرىن يورۇتقان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

① ئىلغار — يېڭى مەنزىل، يېڭى جاي.
② مەشۇرەت — كېڭەش، مەسلىھەت.
③ شەبخۇن ئۇرماق — كېچىدە ھۇجۇم قىلماق.
④ يولى ساپا — توغرا - تۈز يول.
⑤ پەئىل — مىجەز، خۇي، ھەركەت.

قان كېچىبان يۇردىلەر، كاپىرلارنى قىردىلەر،
ئېرنى ئېرگە سۇردىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
لائىلاھە ئىللەللا،① ئەيت تېخى ھۇۋەللا،
ئەيتقىل تېخى ياللالا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
غەرىيۇ② قوپتى ئەل ئامان، ئەيتقىل ئىمان بول ئامان.
ئىمان ئېرۇر جانغا جان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تۇغ ـ ئەلەم شاھىيانە، جەڭ مېيدۇر جاپانە،
تۇزدى مەيۇ مۇغانە، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تاشلاپ باشدىن جالا③لار، كۆكۈل تاپتى جۇلالار،
كىيىپ باشقا دەستارلار④ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
گۇرۇھ ـ گۇرۇھ كەلدىلەر، كېلىپ بەيئەت قىلدىلار،
باتىل دىندىن ياندىلار، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
تۇشتى شۆھرەت پەلەككە، ئىنسۇجىنۇ مەلەككە.
تەھتەسسەراسەمەككە،⑤ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
ھەمدۇ سانا خۇداغا، مەھيۇبى مۇستەفاغا،
يەتكۇزدى رەھنەماغا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
باشىمىزدىن جالانى، ئالدى قارا بالانى،
تونۇتتىلەر خۇدانى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
نۇرى قۇلۇڭ سۇلتانىم، ھەم نۇر ئېرۇر ئىمانىم.
جانلار ئارا جانانىم، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.
مەشھەد ئېرۇر ھەق نەزەر، شان ـ شەرەپكە سازاۋەر،
مېھرۇ مۇھەببەتۇ قەمەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

---

① بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەئبۇد ۋە خالىق يوق.
② غەرىيۇ —— شاۋقۇن سۈرەن.
③ جالا —— يالغان چاچ.
④ دەستار —— سەللە.
⑤ تەھتەسسەراسەمەك —— رىۋايەتتىكى يەرنى ئاستىدىن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بېلىق.

# ئىككىنچى باب

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بۇ بابتا ئىككى پادىشاھ — ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بىلەن ھەزرىتى سەيىد ئەلى ئارسلانخان غازىنىڭ ئىسلام يولىغا ئېرشاد① قىلغانلىقىنىڭ بايانى سۆزلىنىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ زاتلارغا ئاللاتائالا رەھمەت قىلسۇن.

### بېيىت

نەسەبتە ئىدى خوجا پاك زات،
ھەسەب② تە ئېرخى كامىل خۇش ناھاد③
ئەمەلىي ئىكتىساپ④ شەرىئەت شۇئار،
ۋەرئى ئىنتىساپ⑤ تەرىقەت ۋەسار.

---

① ئېرشاد — توغرا يولغا يېتەكلەش.

② ھەسەب — يۈز، ئابروي، داڭ شۆھرەت، شەرەپ، قەدىرلىك بولۇش.

③ خۇش ناھاد — ئېسىل، ياخشى، پەزىلەتلىك.

④ ئەمەلىي ئىكتىساپ — ئەمەل، كەسىپ.

⑤ ۋەرئى ئىنتىساپ — پەرھىزكارلىق، تەقۋادارلىق.

ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قەدىمكى كىتابلاردا زىكرى قىـ
لىنىپتۇ، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ بىلىشى ئۈچۈن بۇ يەردە
تۈركىي تىل بىلەن جەمئى قىلىندى. مەن پەقىر، كام
سالاھىيەت موللا ھاجى ئىقتىدارسىزلىقىمغا قارىماي قىـ
لىنغان ئىلتىماس، تەلەپلەرنى ئالي بىلىپ ۋە ماقۇل
تۇتۇپ، ھەزرىتى بۇغراخانلار تارىخىغا ئائىت كىتاب،
تەزكىرىلەر ۋە ئۆزگە كىتابلاردىن ھەقىقىي راست رىـ
ۋايەتلەرنى جەمئىي قىلدىم. ئادەم ۋۇجۇدى تۆت ئەناـ
سىردىن① تەركىب تاپقاندەك، بۇ مەجمۇئەنىمۇ تۆت
بۆلەك يەنى بىر مۇقەددىمە، ئىككى باب ۋە بىر خاتىمە
بىلەن تامام قىلدىم. بۇ خەۋەرلەرنى ئايەت - ھەدىس،
بۇزۇرۇكۋارلار سۆزلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن
مۇستەھكەملىدىم.

بۇ بابتا ئىككى 'دىشاھنىڭ يەنى ھەزرىتى ھەسەن
بۇغراخان غازى بىلەن سەيىد ئەلى ئارسلانخان غازىـ
نىڭ ئىسلام يولىغا ئىرشاد قىلغانلىقىنى بايان قىلىمەن.

بۇ كىتابقا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشقا ھەزرىـ
تى ھەسەن بۇغراخان، ھەزرىتى سەيىد ئەلى ئارسلانخان
ۋە ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخانلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ
كىرگۈزۈشنى كۆزلەپ، «تەزكىرە تۇل بۇغراخان»
(بۇغراخانلار تەزكىرىسى) دېگەن نامنى قويدۇم.

① ئەناسىر — ئەرسىلەرنىڭ ئەسلى ماددىلىرى،
② جۇزئى — ئايرىم، بۆلەك. قىسمەن.

ئالدى بىلەن ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان ھەققىدە سۆز قىلىنىدۇ.

### بېيىت

شەھەنشاھى روشىنى دىل① نامدار،
زەھى② بەختىيارۇ ئۇل زەھى كام كار③.
سائادەت، ئادالەت، نىشانە پاتاھ④.
خۇدا سايەسى ئېككى ئالەمگە شاھ.
قىلىپ ئاندا نۇرى ئىنايەت زۇھۇر،
بولار بىرلە جاھان ئىدىلەر غەرق نۇر.

ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا ھەبىبىگە: «شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن. لېكىن ئاللا ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللا ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»⑤ دەپ ئېيتقاندەك ئالدى بىلەن ئاللاتائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى، ئاندىن ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم قەدەسەللاھۇ سىررەھۇنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا بۇ يۇرتتا ئىسلام راۋاج تاپمايتتى.

① شەھەنشاھى روشىنى دىل — قەلبى نۇرلۇق شاھلارنىڭ شاھى.
② زەھى — ياخشى، گۈزەل، ئاپىرىن، نېمىدېگەن ياخشى.
③ كام كار — ۋۇجۇدقا چىققان، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان، راھەت، بەخت، تەلەي، قۇدرەتلىك، ھۆكۈمران.
④ پاتاھ — ئاچقۇچى، زەپەر تاپقۇچى
⑤ قۇرئان كەرىم، سۈرە قەسەس، 56 - ئايەت.

**بېيىت**

گەر ھىدايەت ئىشكىن لۇتفى بىلەن ئاچسا ھەق،
غەيرىيدىن غەيرىي سىرى مۇمكىن ئەمەس پەيزى پۇتۇھ
بولۇر ئەرسە كىشى سەئيي① يەتكۈزگەي ئىدى،
مۇستەفا ئەممىسىنى② ئىسلامغا، ئوغلىنى نۇھ.

خۇدايىتائالا ھەر بەندىسىنى لۇتفىنىڭ سالقىن شاـ
مىلى بىلەن ئەركىلىتىپ تەربىيلەپ ئىسلام يولىغا باشـ
لايدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: «ئاللا مۆمىنلەرنىڭ
ئىگىسىدۇر. ئۇلارنى (كۇپرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىمانىنىڭ)
يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر،
ئۇلارنى (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاـ
راڭغۇلۇقىغا باشلايدۇ» ③

**بېيىت**

بىرىنى قىلدى غەرق نۇرى نەئىم،④
بىرەۋگە قىلدى نەسىپ نارى جەھىم⑤

خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق

---

① سەئيي — تىرىشىش.
② ئەممىسى — تاغىسى.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە، 257 - ئايەت
④ نۇرى نەئىم — جەننەتنىڭ نۇرى.
⑤ نارى جەھىم — دوزاخنىڭ ئوتى.

بۇغراخان غازىنىڭ ئوغلانلىرىدىن ھەسەن بۇغراخان غازى قەشقەر تەختىدە پادىشاھ ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ماچىندىكى كاپىر جوقتى رەشىد، نوكتىرەشىدلەر ئوتتۇزمىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ، نەچچە قېتىم قەشقەر شەھىرىنى قامال قىلدى. قەھەتچىلىك بولۇپ، تىرىكچىلىك قىيىن بولدى. پادىشاھ ئامباردىكى بارلىق ئاشنى خالايىقلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەنمۇ بولماي ئەھۋال ناچارلاشتى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى «بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولمايلى» دەپ ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى ۋە جەمئى ئۆلىما، ئۆمرالىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ، سەپ تارتىپ تۇردى. كاپىرلار تەرەپتىن جوقتىرەشىد، نوكتىرەشىد مەيدانغا كىردى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن بولسا سەييد ئەلى ئارسلانخان مەردانە مەيدانغا كىرىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەرۋەردىگارى ئالەمگە قىلدۇق تەۋەككۇل،
كەلسە مەيلى بالا ـ قازا تۇردۇق ئۇدۇل.
ئى ھەممە بىچارىلەرنىڭ پاناھى ئاللا،
مەن قىلىمەن ئەمرىڭنى راست دىلدىن قوبۇل.

ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان قەھرى بىلەن ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا چاپتى. ئاندىن نەرە تارتىپ، كاپىرلارغا يۈز كەلتۈرۈپ شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، قان دەريا بولۇپ ئېقىپ، باشلار سايىنىڭ تېشىدەك ياتتى. بىر سائەتتە بەش يۈز كاپىرنى دوزاخقا ئەۋەتتى.

مەۋلانا مەھمۇت، مەۋلانا مۇھەممەت دەرۋىش، مۇھەممەت ئېلى ھاجى سۇلتان، مۇھەممەت خوجا ئابدۇللا ئەلەمدار، مەۋلانا مىر ئېلى، مەۋلانا جەئپەرى سۇلتان، دەرۋىش زۇلپىقارى خوجا ئابدۇكېرىم قاتارلىق مۇسۇلمانلار شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى. كاپىرلار ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ قونالغۇسىغا يېنىپ، شۇ كېچىنى داغدۇغا بىلەن تاڭغا ئۇلىدى. ئىسلام لەشكەرلىرىمۇ ئارامگاھىغا چۈشۈپ، كېچىنى داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھىم ناماز بامداتتىن پارىغ بولغۇچە كاپىرلار سەپ تۈزۈپ بولدى. ئۇ كۈنى ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاتقا مىنىپ، ئاتىسى — بۇزرۇكۋارىنىڭ ئالدىغا باردى. ئاتتىن چۈشۈپ، خېلى يىراق جايدىن زېمىننى سۆيۈپ سالام بەجا كەلتۈردى. ئاندىن:

— يا، بۇزرۇكۋارىم ئاتا، ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا بۇ بېشىم نەزرە بولسۇن، قېنىم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاقسۇن، — دەپ رۇخسەت سورىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھىم:

— ئەي ئوغلۇم، ئورنىمىزدىن تۇرۇڭ، سىزنى ئاۋۋال خۇدايىتائالاغا، ئىككىنچىدىن ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۈچىنچىدىن ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھ ئاتامغا تاپشۇردۇم، — دەپ رۇخسەت بەردى. ئاندىن ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم مەيدانغا كىرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

گەر كىشى بولسا دۇچار بىر بالاغا،
گۇمانسىز ئەگەشسۇن ئۇ بىر خۇداغا.
بىلگىنكى، مۇتابىئەت دۆلىتىدىن،
ئۇلىشار ھەق ھەبىبى مۇستەفاغا.
ئۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن چوڭ يۈرەكلىك
دۈشمەنگە زۇلپىقارىن سالالايدۇ.
ئاقىرىپ كۈمۈش كەبى يۈرەك قەلبى،
ھەقىقي جىنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنالايدۇ.

ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، گويا قىيامەت قايىم بولۇپ، قان دەريادەك مەۋج ئۇرۇپ ئاقتى. ئاسمان - زېمىن تىترىدى. كۇپپارلارغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم نۇرغۇنلىغان مال - مۈلۈك، جەڭ كىيىملىرى، يىلقا، تۆگە ئولجا ئېلىپ، ئىززەت - ئابروي بىلەن بارىگاھىغا ياندى. ئىسلام لەشكىرىدىن ئاتمىش كىشى شاھادەت شەربىتىنى نۇش قىلدى، يىگىرمە كىشى يارىدار بولدى. كۇپپارلاردىن بولسا يەتتە يۈز كاپىر دوزاخقا ئۇزىدى. مۇسۇلمانلار بۇ كېچىنى زوق - شوق، داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈپ تاڭ ئاتقۇزدى. ناماز بامداتقا ئەزان ئوقۇلدى. مۇسۇلمانلار جەم بولۇپ نامازغا تۇردى. بۇ چاغدا كاپىرلارمۇ جەم بولۇپ، سەپلىرىنى راستلىدى. مۇسۇلمانلار نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسىلىرى ئۆزلىرىنى رۇستەمى داستاندەك راست قىلىپ مۇستەھ-

كەم ۋە مۇكەممەل بولۇپ تۇردى. كاپىرلار يىگىرمە بەش مىڭ كىشى بىلەن لەشكەر تارتىپ كەلدى. ئىسلام لەشكىرىدىن ئەللىك مىڭ كىشى مەيدانغا كىلىپ نام-نەسەبلىرىنى ئايان ۋە بايان قىلىشتى، ھەسەن بۇغراخان غازى شەھەرنى قوغداشقا ئون بەش مىڭ كىشى بىلەن ھۈسەيىن پەيزىللا خوجامنى، سەييد جالالىددىن باغداتنىڭ ئوغلى سەييد ئالاۋىددىن باغداتنى قالدۇرۇپ، ئۆزى جەڭگە كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئاللاغا ئۆزۈمنى تاپشۇردۇم، خۇدادىن ئۆزگىدىن ئۈمىد قىلمايمەن.

ئاندىن ئۇلار كاپىرلار بىلەن شۇنداق جەڭ قىلدىكى، ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى. يەتتە قات ئاسماننىڭ پەرىشتىلىرى تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇشتى. كاپىرلارنىڭ قىنى سەلەپتەك ئاقتى. كاپىرلار ئارىسىدىن غەۋغا چىقتى. شۇ كۈنى ھەزرىتى پادىشاھ بىر مىڭ بەش يۈز كاپىرنى زەربىگە ئۇچراتتى. ناھايىتى كۆپ مال مۈلۈك، ئەسۋاب، ياراغ-جابدۇق غەنىمەت ئېلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن سەرپ قىلدى. مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى شاھادەت شەربىتى ئىچىپ جەننەتۇلمەئۋا، پىردەۋس ① ئەۋلادىغا تەئەللۇق بولدى. كۈن كەچ بولغاندا، ناغرا-سۇناي چېلىنىپ بارگاھىغا يېنىپ كېلىشتى. يۈز-كۆزلىرىدىكى چاڭ-توزانلارنى سۈرتۈپ، تائام يېيىشتى، تائامدىن كېيىن خەتمە

---

① جەننەتۇلمەئۋا، پەردەۋس — جەننەت ئىسىملىرى.

قىزرئان قىلىشتى. ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلى-
دى. بۇ كېچىنىمۇ ئالدىنقى كېچىدىكىگە ئوخشاش زوق -
شوق، داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزدى. ناماز بامداتقا ئەزان
ئوقۇلدى. مۇسۇلمانلار نامازغا تۇردى. ئۇلار نامازنى
ئوقۇپ بولغۇچە كاپىرلار سەپلىرىنى راستلاپ بولدى.
ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۈگۈن ئۆز ئورنىدا
يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمنى قويۇپ، ئۆزى
مەيدانغا كېلىپ، نام - نەسەبلىرىنى ئايان ۋە بايان
قىلىپ جىلۋە بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئۇلارنىڭ ناملىرى ئەۋلىيالارنىڭ —
نامىغا ئوخشاشراق بولسىمۇ بىراق.
ھەسەتخور، پەسكەشلىك ئادەتلىرىكى،
ئۇلارنى شەرەپتىن قىلىدۇ يىراق.
ھەر بالا قازانىڭ لەززىتى پىنھان،
ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل گۆھەر خەزىنىمىز.
بۇنىڭدا ئۇلاردىن ئۈستۈنمىز ھامان،
ئاللانىڭ ئىشقىدا كۆيەر قەلبىمىز.
ئەنە شۇ بالانىڭ سەكسەندىن بىرى،
ۋە ياكى ئازراقى، ۋەيا ئەكسىرى①.
كۆرۈنۈپ قالغاندا، ئارزۇ ۋەسلىدىن،
ئاشىدۇ لەززەتتە دىلنىڭ ھۇزۇرى.

شۇنداق جەڭ بولدىكى، كاپىرلارنىڭ قېنى دەر-

① ئەكسىرى — كۆپى، جىققىراقى.

يا - دەريا بولۇپ ئاقتى. ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىشىپ مۇسۇلمانلار قارارگاھىغا يېتىپ چۈشتى. بەدەنلىرىدىكى قوپا - چاڭلارنى تازىلاپ، تائام يېدى، ئاندىن خەتمە قۇرئان قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بەخش قىلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھىم بۇ كېچىنى ئۇمەرالىرى بىلەن داغدۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ناماز بامداتقا ئەزان ئوقۇلدى. مۇسۇلمانلار نامازغا تۇردى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ سەپ راستلىدى. ئۇ كۈنى يەنە ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ مەيدانىغا كىردى:

غېمىمنىڭ توپانلىرى ھەر نەپەستە،
شىددەتلىك مەۋج ئۇرىدۇ، دولقۇنلايدۇ.

لېۋىمنىڭ ھەر قېتىمقى تەۋرىشىدىن،
ماتەمىم سادالىرى ئاڭلىنىدۇ.

يۈز بەرگەن مەندىكى بۇ ھالەتلەرنى،
ئېھتىمال خالايىقلار بىلمىگەندۇ.

يۈرىكىم ھاياجاندىن يالقۇنلىنىپ،
ئاللانىڭ دىدارىغا تەلپۈنىدۇ.

ئۇ كۈنى شۇنداق جەڭ بولدىكى، ئاسمان، زېمىن لەرزىگە كەلدى. مۇسۇلمانلار مەست - مۇستەغراق بولۇپ كاپىرلارنى ئۇرۇپ - سۇرۇپ پاراكەندە قىلىپ، جەڭ مەيدانىدىن قوغلاپ چىقاردى. كاپىرلار قېچىپ

پېقىسار مەۋزەئىگە باردى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھىم ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىمغا توقسان مىڭ لەشكەر توپلاپ بېرىپ:

— سىزنى ئاۋۋال خۇدايىتائالاغا، ئىككىنچىدىن ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۈچىنچىدىن، ئاتام ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىمغا تاپشۇردۇم، بۇ كاپىرلارنى قوغلاڭ — دەپ ئەمىر قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم 90 مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ كاپىرلارنى قوغلاپ، سوقۇشا - سوقۇشا «قارا ئۆتەك» دېگەن يەردە قارار تاپتى. بۇ جايدا نەچچە مىڭ كاپىرلار جەم بولۇپ تۇراتتى، ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى ئۇ يەردە نەچچە كۈن جەڭ قىلدى. كاپىرلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ ئۇرۇشتا ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازىغا ھەرگىز تىغ ئۆتمىدى. كاپىرلار بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. ماچىنغا باشچى بولۇۋاتقان كاپىرلار: «قانداق كىشى ئەلى ئارسلانخان پادىشاھقا نېمە سەۋەبتىن تىغ ئۆتمەيدىغانلىقىنى، قانداق قىلسا تىغ ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خەۋەر ئېلىپ كەلسە، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمىز، مەنسەپدار بولسا بەگلەرنىڭ بېگى قىلىمىز، پۇقرا بولسا دارخان ①

① دارخان — ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا مىراس قالىدىغان خانلىق موقۇق.

قىلىمىز» — دەپ ھەممىگە جاكالىدى. كاپىرلار ئىچىدە ئۈچ دېگەن لەنىتى بىر كاپىر «بۇ ئىشنى مەن قىلاي» دەپ ھىيلە بىلەن ئۆزىنى ئىسلام لەشكىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، نەچچە كۈنگىچە لەشكەرلەر ئىچىدە يۈردى. بۇ بەدىرەكنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچ كىشىنىڭ خەۋىرى بولمىدى. ئاخىر ئۇ ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان پادىشاھنىڭ مېھمانخانىلىرىدا خىزمەتكە تۇردى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم غازاتتىن يېنىپ، بىر نەچچە جەڭنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ، شاد - خۇررام ئولتۇراتتى، ھېلىقى كاپىر ھىيلىگەرلىك بىلەن پادىشاھنى ئاۋۋال راسا ماختاپ، ئاندىن سورىدى:

— تەخسىر، پادىشاھ ھەزرىتلىرىمىزگە ئەسلا تىغ تەسىر قىلمايدىكەن، بۇ قانداق ئىش؟

ھەزرىتى سەيىد ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم ئۇ لەنىتى كاپىرغا:

— ماڭا ئادەتتە تىغ - ئوق كار قىلمايدۇ. بىراق ئامازغا تۇرغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سۇدەك ئېرىيدۇ. شۇ چاغدا ماڭا تىغ تۇگۇل يەتكەن سالسىمۇ، خۇددى سۇغا ئۆتكەندەك ئۆتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاتائالا: «ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» ① دېگەن.

ئەلقىسسە، ئۈچ دېگەن بۇ جادىگەر ھارامزادە

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنبىيادىكى 35 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەزرىتى پادىشاھىمىزنىڭ مۇبارەك تىلىدىن سىرىنى ئاڭلىۋالدى. بۇنىڭدىن ھېچقاندىداق كىشىنىڭ خەۋىرى بولمىدى. پەيت تاپقان بىر كۈنى خۇدانىڭ لەنىتىگە دۇچار بولغان بۇ لەنىتى كاپىر ئىسلام لەشكەرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، بۇددىستلارنىڭ خانى چىڭگالۇ خالخال ماچىنغا خەۋەر بەردى. كاپىرلار بۇ ئۇچ دېگەن لەنىتى كاپىرغا ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش بەردى.

ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم چەڭگاھتىن قايتىپ كېلىپ ئاب - ئاش قىلدى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ساۋابىنى شېھىتلەرنىڭ ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. ئەتىسى ئۇ توقسان مىڭ لەشكەر بىلەن سەپ تارتىپ، چىڭگالۇ خالخال ماچىنلار بىلەن شۇنداق جەڭ قىلدىكى، ھەددى ھېسابسىز كاپىرلارنى دوزاخقا ئەۋەتتى. ئىسلام لەشكەرىدىن ھەم چەندان كىشى شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى.

كۈن كەچ بولدى. ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ مۇسۇلمانلار ئارامگاھىغا يېنىپ چۈشتى. ئاش تارتىلدى. ئاندىن خەتمە قۇرئان قىلىنىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلاپ، بۇ كېچىنى زوق - شوق، داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈشتى.

ئەتىسى يەنە مۇسۇلمانلار ناماز بامداتتىن يېنىپ، مەيدانغا كېلىپ، تەكبىر - سالاۋات ئېيتىپ كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ كۈنمۇ شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، كاپىرلارنىڭ بېشى سايىنىڭ تېشىدەك ھەممە يەرنى قاپلىدى. مۇسۇلمانلاردىنمۇ نەچچە مىڭ كىشى

شىبھەت بولدى (ئاللا تائالا ئۇلارنى ھەممىشە جەننەتتە قىلسۇن).

ھوشۇر ئېيىنىڭ 10 — كۈنى ئىدى. ناماز بامداتتا ئەزان ئوقۇلدى. مۇسۇلمانلار سەپ - سەپ بولۇپ، نامازغا تۇردى. سۈننەتنى ئادا قىلدى، پەرزگە تۇردى. يەنى تەكبىر ئېيتىلىپ، ناماز باشلاندى.

### نەزمە

دائىم ئېردى ئىشى رۇكۇ، سۇجۇد،
چىقىرىپ ئاھ ئىلە جىگەردىن دۇد.
قىلار ئېردى ھەممە مۇسۇلمانلار،
چۈن دىل بىرلە خىزمەتىن مەھبۇد.
تەگىردىن كەلسە كىمگە قازا،
قىلمىغاي ئاڭا ھىچ تەدبىر سود.

موللا ئىمام ئەسلىدە سۈرە ئىننا ئەتەينا ① نى ئوقۇماقچى ئىدى. بىراق تىلىغا سۈرە ئىننافەتەھنا ② كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ سۈرىنى ئوقۇۋاتقاندا كاپىرلار باستۇرۇپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى شاھادەتكە

① ئىننا ئەتەينا — قۇرئان كەرىمدىكى ئۈچ ئايەتلىك ئەڭ قىسقا سۈرە كەۋسەر.

② ئىننا فەتەھنا — قۇرئان كەرىمدىكى 29 ئايەت (توت يېرىم بەت) لىك سۈرە - فەتھە.

يەتكۈزدى. سۈرە ئوقۇلۇپ «ۋە كەفا بىللاھى شەھىيدا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» غا يەتكەندە، ھەزرىتى پادىشاھىمىنىڭ باشلىرى دىيالىنىغ تەگدى، پادىشاھىمىنىڭ مۇبارەك باشلىرى، تەنلىرىدىن جۇدا بولدى (قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن يەنى ھەقىقەتەن بىز ئاللانىڭ مۈلكىدۇرمىز، ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ھوزۇرىغا قايتقۇچىلارمىز).

**شېئىر**

ۋاھ ھەسرىتا، ۋاھ دەردىما نەئىلاجىمىز،
ھەقتا ئالا ئىلكىدىكى قۇل ـ بەندىمىز.
كۆرسەكمۇ گەر، نۇھ ئۆمرىدەك ئۇزاق ئۆمۈر،
بىر كۈنى ئەجەل شەربىتىنى نوش ئېتىمىز.
بولساقمۇ بىز شاھى جاھان، خوجا، گادايى،
ئاخىر بولۇر ھالەت ئىچى ماكانىمىز.

شۇ زامان ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان پادىشاھىمىنىڭ باشلىرىدىن «خويمۇ بىغەم ئىكەنلا» دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زات شىرىپىنىڭ «موللا ئەئىلەم» دېگەن نامى «موللا بىغەم» بولدى.

**بېيىت**

ئىچىپ شەربەتى شاھادەت ئول كۈنى ئارىسلانخانىم،
قاراڭغۇ بولدى ئالەم، غايىب بولغاچ ماھى تابانىم. ①

① ماھى تابان — تولۇن ئاي.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى گويا قىيامەت قايىم بولدى، ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى. مۇسۇلمانلار پاراكەندە بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاچتى. كاپىرلار ئارقىدىن قوغلاپ بارچە مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىغا قاراپ ئات سالدى. مۇسۇلمانلار گەرچە توختاپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، نەچچىلىگەن كاپىرلارنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان بولسىمۇ، بىراق ئاخىر كاپىرلار غالىپ كېلىپ كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى.

بۇ پاجىئەگە تاقەت قىلالمىغان مەريەم خانىم باشلىق نەچچىلىگەن قىزلار ھەسرەت چېكىپ، بىئىلاج جەڭگە كىرىپ مىڭلىغان كاپىرنى جېنىدىن جۇدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كاپىرلار غەلىبە قىلىپ، ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۇ مەستۇرىلەر ① خۇداـيىتائالاغا سېغىنىپ يەرگە قارىغان ئىدى، شۇ سائەتتە يەر يېرىلدى، ئۇلار يەرگە كىرىپ غايىب بولدى.

شېئىر

بىۋاپادۇر پەلەك بۇقەلەمۇن ②
سازا ③ مۇنىڭغە يوقتۇر قالۇن ④

① مەستۇرىلەر — يۈزى يېپىلغانلار، پەردىلەنگەنلەر، يوشۇرۇنغانلار.
② بۇ قەلەمۇن — ئۆزگەرۈچان بۇ دۇنيا مەنىسىدە.
③ سازا — لايىق، مۇناسىپ.
④ قالۇن — ئۇسۇل چارە.

دېسەڭكىم بىلەي مەريەم خېنىم ئەھۋالىنى،
ئىشتىكىل ئەئلا نۇرخانىم ئەۋساپىنى ①

ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان پادىشاھىم ئىنتايىن ساھىبجامال، تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۆمرىنى دائىم تائەت ـ ئىبادەت، مۇھەببەتلىك سۆزلەر بىلەن زۆھدە تەقۋادارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. شەرىئەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا بولسا شىرغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىدى.

### شېئىر

ئۆتكۈزۈر ئىردى ئۆمرىنى تائەت ئىبادەت بىرلە
ھەر قاچان،
شەرىئەت فىشەسىدە ② شىرىيەگلىغ ئول شاھى خۇبان
ئۆلەڭ قايسى ۋەسپىنى بۇ تىل بىلەن قىلاي بايان،
خەرد ③ بولۇر ئەقىل قىلۇرغە ۋەسپىنى ئەئيان ④

ئەلقىسسە، ھەزرىتى پادىشاھىمنىڭ شاھادەت تاپ-قانلىق خەۋىرى قەشقەرگە يەتتى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى، ھەزرىتى سۇلتان ھۈسەيىن بۇغراخان غازىلار بۇنى

① ئەۋساپ — تەرىپ، سۈپەت.
② فىشە — ئادەت.
③ خەرد — كۆڭگا، خىرە.
④ ئەئيان — مەئلۇم، روشەن، ئېنىق، ئوچۇق.

ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى (ئاللا ئۇ كىشىنىڭ دەرىجە-مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلسۇن). ئۇلار يەنە ھوشىغا كېلىپ: «ۋاھ ۋەيلا ۋاھ مۇسىبەتا ۋاھ شەھىدا» دەپ يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ نالىسىدا ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. ھاۋا تۇتۇلۇپ، كۈن بۇلۇتلار كەينىگە مۆكتى، كۆز ياشلىرى خۇددى باھار يامغۇرىدەك ئاقتى.

## سۇلتان ئەلى ئارسلانخانغا مەدھىيە

شاھى مەردان زۇھۇرى، پادىشاھ ئارسلانخان،
ئەۋلىيالار ھۇزۇرى، پادىشاھ ئارسلانخان.
تۈركىستاننىڭ مەككەسى، قارا كۆزلەر سۈرمەسى،
ماشايىخلار قىبلەسى، پادىشاھ ئارسلانخان.
قادىر تەڭرىم ئەلچىسى، ئىسلام يولى باشچىسى،
يولسىزلارنىڭ يېلچىسى، پادىشاھ ئارسلانخان.
جەددى① ئېرۇر بۇغراخان، قىلدى خۇدا ئۇل سۇلتان،
خاقان ئىبنى ئۇل خاقان، پادىشاھ ئارسلانخان.
پەيغەمبەردەك فىيامىلىق② سىددىقلەردەك سالامىلىق،
يىگىرمە سەككىز ياشلىق، پادىشاھ ئارسلانخان.
جەبرائىلدەك مۇھەببىپ③، مىكائىلدەك مۇسەببىپ④
ئىسراپىلدەك مۇقەررىپ⑤، پادىشاھ ئارسلانخان.

---

① جەددى - ئاتا - بوۋىسى.
② فىيام — خەۋەر، دېرەك.
③ مۇھەببىپ — ئاشىق بولغۇچى.
④ مۇسەببىپ - سەۋەب قىلغۇچى.
⑤ مۇقەررىپ — يېقىن تۇرغۇچى، ھەمسۆھبەت.

يائەيىبۇ ھەل مۇزەممىل ① ئەسھابىغە مۇزەممىل،
ھەم كاملىۋ مۇكەممىل، پادىشاھ ئارسلانخان.
نۇرى نەبى پىشانىلىق ② سىرى ئىلەن نىشانلىق ③،
ئىلمى لەدۇن بايانلىق ④، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئەرش ئۇستىدە سۆھبەتلىك، فەرش ⑤ ئۈستىدە قۇتلىغلىق،
ئېرۇر ھەققە قۇربەتلىك، پادىشاھ ئارسلانخان.
خىزىر، ئىلياس ئوڭ قولدا، غەۋسۇلغىياس سول قولدا،
ئىشىق قامچىسى قولدا، پادىشاھ ئارسلانخان.
شەرىئەتنىڭ خەتتابى ⑥ تەرىقەتنىڭ ئىمامى،
ھەقىقەتنىڭ تامامى، پادىشاھ ئارسلانخان.
مەستىۋ مادامۇ ھەيرەت، ساقى جامۇ ۋەھدەت ⑦
شاھى ماقامۇ ھەزرەت، پادىشاھ ئارسلانخان.
كەيدىلەر تاجۇ خىرقە ⑧ باش بولدى جۈملە خەلققە،
ئاشىقلارغا سەر ھەلقە، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئەرشى كۈرسىدىن ئاشقان، مەشۇقىغا ئۇلاشقان.

---

① يائەيىبۇ ھەل مۇزەممىل — ئى، كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى.
② نۇرى نەبى پىشانىلىق — پەيغەمبەرنىڭكىدەك پىشانىسى نۇرلۇق.
③ سىرى ئىلەن نىشانلىق — ياخشى ئادەت، خىسلەتلەردىن نىشان بەرگۈچى.
④ ئىلمى لەدۇن — خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مەخپىي ئىلىم.
⑤ فەرش — يەر ئۈستى.
⑥ خەتتاب — ۋەز ئېيتقۇچى.
⑦ جامۇ ۋەھدەت — بىرلىك قاچىسى.
⑧ تاجۇ خىرقە — پادىشاھلىق كىيىم.

ھەزرەت بىلەن تېپىشقان، پادىشاھ ئارسلانخان.
يۇرت ئىچرە گۈنجۈلئەرباب ①، ئالەمدە
قۇتبۇل ئەقتاپ ②.
مۇپتاھۇلگۈنجىل ئەرباب ③، پادىشاھ ئارسلانخان.
مەشرىقدە ھازىر بولغان، مەغرىبىدە نازىر ئولغان،
مەنزۇر نازىر ئولغان، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئالىپلارنى يۆتىلىگەن، سادىقلارنى يۆلىگەن،
سانسىز مۇرىت ئەيلىگەن، پادىشاھ ئارسلانخان.
مەن كىم مەنۇ بۇ دەريا، ئالەمدە قەترە گويا،
ئەپۇ ئەيلىگەيمۇ ئايا پادىشاھ ئارسلانخان.
سانسىز چېرىك باشلاغان، غازات ئىشىن خوشلاغان،
بۇ دۇنيانى تاشلاغان، پادىشاھ ئارسلانخان.
مەيدانلاردا تۇرۇشقان، كاپىر بىلە سوقۇشقان،
غازىلەرغە قاۋۇشقان، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئىماملارنىڭ قۇربانى، ئىسلامىڭگى ئىمانى،
خاقانلارنىڭ خاقانى، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئەۋلىيالار مېھتەرى ④ ئەسفىيالار ⑤ سەرۋىرى،
خەلقى ئالەم رەھبىرى، پادىشاھ ئارسلانخان.
جوقتى رەشىد ئول كاپىر، سانسىز تارتتى كۆپ
چېرىك.

① گۈنجۈلئەرباب — خەزىنە ئىگىسى.
② قۇتبۇل ئەقتاپ — ئەۋلىيالار كاتتىسى.
③ مۇپتاھۇلگۈنجىل ئەرباب — خەزىنە ئاچقۇچىنىڭ ئىگىسى
④ مېھتەرى — ئۇلۇغى، كاتتىسى، ھۆرمەتلىكى.
⑤ ئەسفىيالار — قەلبى پاكلار، ياخشى كىشىلەر.

تىغۇ نەيزە ھەم شەمشەر، پادىشاھ ئارسلانخان.
سولتان ئۇترو ① چىقتىلەر، كاپىرلارنى قىردىلەر،
پارە - پارە قىلدىلەر، پادىشاھ ئارسلانخان.
مەڭگۈ جەڭدە جەڭ قىلدى، كاپىرلارنى تەڭ قىلدى،
سۇلتان باشلاپ جەڭ قىلدى پادىشاھ ئارسلانخان.
ھوشۇر ئىبىي ئونىدە، روزى جۇمئە كۈنىدە،
مىسران قىلىچ قولدا، پادىشاھ ئارسلانخان.
توقسان بىر سەپ ئىرانلا ② تۇردى غازى يارانلار،
ناماز ئىچرە ئىبردىلەر، پادىشاھ ئارسلانخان.
كىردى سەپكە كاپىرلار، بىر - بىر شەھىد قىلدىلەر،
بۇزماي ناماز غازىلەر، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئىمالارغا ئىبزىزجان، قىلدى پىدا ئۇل سۇلتان،
كىردى جەڭگە شولزامان پادىشاھ ئارسلانخان.
بولدى مەگەر قىيامەت، غازىلارغا بۇ نۆۋەت،
ئىچتى مەي شاھادەت ③ پادىشاھ ئارسلانخان.
ۋاھ ھەسرەتۇ نادامەت، پەرىشتەلەربى تاقەت،
ماتەم تۇتتى شول سائەت، پادىشاھ ئارسلانخان.
ھوشۇر ئىبىي بولغاندا، تۇغلار تەۋرەپ تۇرغاندا،
كەلدى ئەرۋاھلار ئاندا، پادىشاھ ئارسلانخان.
قىزىل بولدى خانىقا، بۇزرۇكلارغا رەھنەما،
ھاجەتمەندىگە مەنزىلگاھ، پادىشاھ ئارسلانخان.

---

① ئۇترو — قارشى، مۇقابىل، دەلمۇ دەل، روبىرو.
② ئىرانلار — ئەركەكلەر، مەردانىلەر.
③ شاھادەت — گۇۋاھلىق، دىن يولىدا ئۆلۈش.

كۆك راباتتا ① بىر مازار، چۆرىسىدە مىرغىزار،
بارچىسىغە گۆل - گۆلزار، پادىشاھ ئارسلانخان.
سەيد ئىبراھىم بىر مازار، تەۋرەپ تۇرار بۇ مازار،
گۆھەر چىراغ ئاندا بار، پادىشاھ ئارسلانخان.
شاھ قاسىمى مىۋەزار، تۈرلۈك يىمىش ئاندا بار،
كۆزۈگىنى تىل ئەشكبار ② پادىشاھ ئارسلانخان.
بوسۇغىدۇر بىر مازار، ياتقان ئاندا پىركامىل،
ئۇندا مىرادلار ھاسىل، پادىشاھ ئارسلانخان.
باردۇر ئاندىن ئالتۇن جام، لەشكەر ئالۇر خاسۇئام،
ئاندا قىلۇرلار ئىنئام، پادىشاھ ئارسلانخان.
قىزلەر جايى پادىشاھىم، قىزلەر پۇشتى پاناھىم،
باشقە تاجۇ كۇلاھىم، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئىككى قۇمنىڭ ئاراسى، ياتار گۆھەر پارەسى،
ماشايىخلار ③ قىبلەسى، پادىشاھ ئارسلانخان.
پادىشاھىم تەربىيتى، قەندۇر ئىسىل شەربىتى،
قىلدى بىر تەن نىكھىتى ④، پادىشاھ ئارسلانخان.
خاتەم ⑤ كارامەتىن كۆر، ئاندا سائادەتىن كۆر،
تېۋە سۈتى ساغقىنىنى كۆر، پادىشاھ ئارسلانخان.
كېلىنك دوستلار بارايلى، شەھىد ئاندا تۇرايلى،

---

① كۆك رابات — يەكەندىكى بىر جاينىڭ نامى.
② ئەشكبار — ياش تۆكۈش.
③ ماشايىخ — شەيخلەر، ئۇلۇغ كىشىلەر.
④ نىكھەت — خۇش بۇي، شاد.
⑤ بۇ مىسرادا ئايتور، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ كارامىتىنى كۆر، دېمەكچى.

يۈزنى قۇمغه قويايلى، پادىشاھ ئارسلانخان.
ھاجەتمەندلەر بارادۇر، قولغە گۆھەر ئالادۇر،
ھاجەت راۋا بولادۇر، پادىشاھ ئارسلانخان.
ھاجەت تىلەپ يانىبارلار، غايەت لەشكەر قاتارلار،
بەدنىيەتنى ئاتارلار پادىشاھ ئارسلانخان،
ئارزۇلارنى قاندۇرار، بالىلارنى ياندۇرار،
يامان ئىشتىن ياندۇرار، پادىشاھ ئارسلانخان.
قەۋمى شەھىدان بۇلاغى، چاھى زەم-زەم ① سۇلاغى،
ئەۋلىيالار چىراغى، پادىشاھ ئارسلانخان.
تەسبىھى ئەيتىپ كىرسەلەر، ئىپار پۇرار تۆرسەلەر،
قىل كۆزۈڭگە سۈرمەلەر، پادىشاھ ئارسلانخان.
قۇم شەھىدان مازارى، جانبازلارنىڭ سارايى،
ھۇرغۇلمان ئۇزارى، پادىشاھ ئارسلانخان.
بىبى مەريەم ئاڭلاندى، سۇلتانىمنى يادلاندى،
كۆكتىن ئاۋاز ئاڭلاندى، سۇلتان ئارسلانخان.
قىزلار جايى پادىشاھىم، قىزلار جايى ئول خانىم،
يۈردى سۇلتان ئالدىغا، پادىشاھ ئارسلانخان.
نىسپى يولغا يەتتىلەر، ئۇتۇرۇ چىقتى كاپىرلار.
كىردى جەڭگە ئول سەگلەر②، پادىشاھ ئارسلانخان.
يىگىرمە بەش مىڭ كاپىرنى باش تىنىدىن كەستىلەر،
مەريەم خانىم ئول سائەت پادىشاھ ئارسلانخان.
قىزلار توختاپ ئۇرۇشتى، كاپىرلارنى سايىشتى ③،

① چاھى زەم - زەم — زەمزەم قۇدۇقى.
② سەگلەر — ئىتلەر
③ سايىشتى — قوغلاشتى، سانجىشتى.

ئاخىر شىبھەت بولۇشتى، پادىشاھ ئارسلانخان.
ئاندىن ىىبى مەرىيەمنى شىبھىت قىلدى كاپىرلار،
خۇدايىمنىڭ پەرمانى پادىشاھ ئارسلانخان.
تەكبىر① ئېيتىپ ياتتىلەر، كۆزدىن غايىب بولدىلەر،
يەرگە كىرىپ كەتتىلەر پادىشاھ ئارسلانخان.
ئەي بەندە قىلما تەقسىر②، خانىم دۇئاسىن تەغىير③،
ئەيغىل ھەمىشە تەكبىر، پادىشاھ ئارسلانخان.
دۇرى قۇلۇڭ گۇناھكار، رەھمە ئەيلەگىل يا غاپپار،
تەركى بولدى بۇ ئەسرار، پادىشاھ ئارسلانخان.

ئەلقىسسە، شاھزادىلەر ماتەمدىن كېيىن، ئىككى مىڭ قوي، يۈز تۆگە، بەشيۈز ئات ئۆلتۈرۈپ، ئاش قىلىپ، قەشقەرنىڭ چوڭ - كىچىك پۇقرالىرى، ئۆلىما، ئاخۇن، ئاكا بىرلىرىغا نەزىر قىلىپ بەردى. خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھىم: «لەشكەرلەر جەم بولسۇن» دەپ چاقىرىق قىلدى. شۇ زامان ئاتمىش مىڭ لەشكەر جەم بولدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى:
— خۇدا بۇيرۇسا، كاپىرلارنىڭ قېنىنى دەريادەك

① تەكبىر — ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ؛ بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئاللا يوق، جەزمەن ئاللا بىر، ئول ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئۇلۇغ، ماختاش - مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇ ئاللاغىلا خاسدۇر، دېگەن مەنىدە.
② تەقسىر — كەمچىلىك كۆرسىتىش.
③ تەغىير — تۈگىتىۋېلىش.

ئېقىتىپ ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپ قەسەمياد قىلىپ، كا-
پىرلار تەرەپكە شىدىرغەرراندەك ئاتلاندى. ئالدى بىلەن ھەزرىتى
شېھىت ئەلى ئارسلانخان شاھادەت تاپقان يەرگە كەلدى.
ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك تەنلىرى سەپ-
سەپ بولۇپ ياتقان باشقا شېھىتلار قاتارىدا كاپۇر①دەك
ياتقان ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇنى
كۆرۈپ چوڭقۇر ھەسرەت چېكىپ ھوشىدىن كەتتى. ھو-
شىغا كەلگەندىن كېيىن بولسا ئاقەتلىرى ئاق بولدى.
ھەر بىر تال مويى بەدەنلىرىدە خۇددى نەشتەردەك
تىك تۇردى.

ئاندىن ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى، ھەزرى-
تى يۈسۈپ قادىرخان غازى، ھۈسەين بۇغراخان غازى-
لار جەڭگاھقا يېتىپ كەلدى. كاپىرلار تەرەپتىن جوقتى
رىشىد، نوكتى رىشىدلار مەيدانغا كىردى. ھەزرىتى ھەسەن
بۇغراخانلار كۇپپار لەشكەرىگە ئۆزلىرىنى شۇنداق ئۇردىكى،
كاپىرلارنى پارە - پارە قىلىپ، قېنىنى سەلەپتەك ئاق-
قۇزدى، مال - ئەمۋاللىرىنى ھېسابسىز ئولجا ئالدى.

### بېيىت

ئەگەر كۆرسە رۇستەم چۈشىدە بۇ جەڭ،
سۇ بولغاي ئىدى زەھرەسى بى دەرەڭ.②

① كاپۇر — بەكمۇ ئاق، خۇش بۇي بىر خىل ماددا.
② مەزمۇنى: ئەگەر رۇستەم بۇ جەڭنى چۈشىدە كۆرۈپ قالغان بولسا قاتتىق قورققىنىدىن يۈرىكى سۇ بولغان بولاتتى.

ئەلقىسسە، جوقتى رىشىد، نوكتى رىشىد باشلىق كاپىرلار بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇن ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان كەينىدىن قوغلاپ، ئۇلارغا «كۆك يار»① دېگەن يەردە يەتتى. ئۇ يەردە يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ بولدى. چەندان مۇسۇلمانلار شېھىت بولدى (خۇدا ئۇلارنى ھەمىشە جەننەتتە قىلسۇن). ھايات قالغانلار يەنە داۋاملىق جەڭ قىلدى. لېكىن ئىش ئۆگدىن كەلمىدى. ئاخىر ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازىنىڭ كىچىك ئوغلى ئوسمان بۇغراخان غازى مەيدانغا كىرىپ، چەندان كاپىرلارنى قىرىپ دوزاخقا ئەۋەتتى. ئاخىردا كاپىرلارنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئوسمان بۇغراخاننى ئاتمىش كىشى بىلەن شېھىت قىلدى. لېكىن ئۇلار جەڭ قىلا - قىلا مۇسۇلمانلارغا تەڭ كېلەلمەي ئاخىر چىن ماچىنغا قېچىپ كەتتى.

### شېئىر

يوق جاپا چاھ ئىلە شەۋكەتكە داغ،
يوق ۋاپا ئۆمرى ئىلە دۆلەتكە داغ.
بىۋاپادۇر بۇ دەھرانى ياران،
دېدى كىم تەڭرى: «مەن ئەلەيھافان»②

① قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

② مەن ئەلەيھا فان — زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەررەھمان، 26 - ئايەت.

ئاڭلىمىدىڭمۇ، دېگەن خۇدا كالامىدە،

«كۈللى شەيئىن ھالىكۇن ئىللا ۋەجھە»①

× × ×

بۇلاردەك زاتلارغا قىلمىسا ھەرگىز پەلەك رەھمى،
ئەجەب ئىنسان ئېرۇر ئاقىل گەر قىلماس زەررەچە ۋەھمى.
ئىسكەندەردەك بۇ بۇدەھرى② ئىچرە پادىشاھ بولساڭ،
ئەجەل مىلتىقى كېلىپ بىر كۈن ئۇرار جانىڭ ئارازەخمى.

ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ باشلىق شاھزادىلەر، بارلىق مۇسۇلمانلار ئارقىسىغا يېنىپ ھەزرىتى ئوسمان بۇغراخان غازى شاھادەت تاپقان جايغا يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئوسمان بۇغراخاننى جايى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەخپى تەيىن قىلىپ شەيخ، خىزمەتكارلارنى بەلگىلەپ (بەزى كىشىلەرنى شەيخ، خىزمەتكارلىقتىن قالدۇرۇپ)، ئاش بېرىپ يەتتە نەزىرىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەكەن شەھىرىگە كېلىپ چۈشتى. خەلق ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، تەكلىپ ۋە ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئەكىردى. ئاندىن ئۇلار يىغىلىشىپ ئۆز تىلى بىلەن

① كۈللى شەيئىن ھالىكۇن ئىللا ۋەجھە — ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ. قۇرئان كەرىم، سۈرە قەسەس، 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

② دەھرى — زامان، دۇنيا.

ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ، پۇل، مال - مۈل-كىنى، ھەتتا جان - تەنلىرىنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغ-راخانغا تەقدىم قىلىشتى. ھەسەن بۇغراخان باشلىق شاھزادىلەر ئۇلجا ئالغان پۇل، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇلار: «يەكەن خەلقى خاراپ بولمىسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. يە-كەننىڭ ئۇزاق يىل مابەينىدە پايتەخت بولۇپ گۈللەن-گەن ھالدا ئۆتۈشى، ئاشۇ دۇئانىڭ بەركەتىدىن بولسا كېرەك ئېھتىمالىم.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادى-شاھىم يەكەنگە خوجا ئابدۇسەمەت قەشقەرىنى باشلىق قىلىپ يەلگىلەپ قويغاندىن كېيىن ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ ھەزرىتى ئەلى ئارسلانخان شاھادەت تاپقان يەرگە يېتىپ كەلدى. تەزىيەتلىرىنى تۈتۈپ، مەج-نۇنغا ئوخشاش زار - زار يىغلىشىپ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈشتى. تەزىيەتتىن كېيىن ئاش قىلىپ لەشكەرلەرگە بەردى. خەتمە قۇرئان قىلىپ سا-ۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. دەردنىڭ ئەڭ يامىنى، ئازابلايدىغىنى پىراق — ئايرىلىش دەردىدۇر. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھ:

— يائىلاھ، شېھىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئاللا دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. غايىبتىن:

— شېھىت بولغان يەرگە دەپنە قىلىڭلار، — دې-

گەن ئاۋاز كەلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان سەيە ئەلى ئارسلانخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇبارەك بېشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. بۇ ھالدىن ھەممە ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇنىڭ مۇبارەك بېشى تېنىدىن جۇدا بولغاندا:

— بېشىمنى غانىجۇغامغا بەنت قىلىپ، شەمشىرىمەنى ئەگەر ئۈستىگە قويغىن! — دېگەن ئاۋاز كەلگەن. مۇبارەك ئارغىماق ئېتىنى ئەپكىلىپ، قورال ياراقلىرىنى ئەگەر ئۈستىگە قويغاندا، ئارغىماق كاپىرلار تەرەپكە كىرىپ كېتىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نەچچە مىڭ كاپىرنى جېنىدىن جۇدا قىلىپ غايىب بولغان.

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: «ئاللانىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك، ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ»①.

يەنە بەزى رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى «بۇ شېھىتلەرنى قانداق قىلساق بولار ئىكەن» دەپ ھەيرەتتە تۇراتتى. ئۇمرالار ۋە جىمى لەشكەرلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شېھىتلار ھەققىدە ھەزرەتلىرى بىر دۇئا قىلسىلا، بىز ئامىن دېسەك، ئېھتىمالغا يېقىنكى، ھەزرەتلىرى دۇئاسىنىڭ بەرىكەتىدىن شېھىتلەرنى كاپىرلاردىن ئايرىپ ئېلىشىمىز ئوڭاي بولغاي، —

① قۇرئان كەرىم، سۈرەئال ئىمران، 169 - ئايەت.

دەپ مەسلىھەت بەردى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان يالاڭباش بولۇپ كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ قول ئېچىپ دۇئا قىلدى. بارچە مۇسۇلمانلار «ئامىن» دېدى. تېخى دۇئا تامام بولمىغان ئىدى. بىردىنلا ئاجايىپ بىر ھا- دىسە يۈز بەردى، يەنى ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، قاتتىق بوران چىقتى. بىر سائەتتىن كېيىن بوران پەسىيىپ جا- ھان قايتىدىن يورىدى. قارىسا شېھىتلەرنىڭ تېنى ئوڭدا، كۇپپارلارنىڭ تېنى دۈمدە؛ مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزى ئاق، كۇپپارلارنىڭ يۈزى قازاندەك قارا بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ- دەك يەنە شېھىتلەرنىڭ ئۈستىگە نۇر، كۇپپارلارنىڭ ئۈستىگە شور يېغىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا «قۇمى شەھىدان» (شېھىتلەر قۇملۇقى) دەپ ئات قويۇلدى. ئاندىن كېيىن شېھىتلەرنى دەپنە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەق- قىدە ئاش، خەتمە - قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. قىرىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خوجا پىققە ئايۇپ رەھمەتۇللانى باش شەيخ، قىرىق كىشىنى خىزمەتكار قىلىپ تەيىنلىدى. بەش كەنت ئۆس- تەڭنىڭ بويىنى (ھەر موسىنى بىر مىسقالدىن ئالتۇنغا) سېتىۋېلىپ، ھەزرىتى شېھىت ئارىسلانخاننىڭ مازىرىغا ۋەخپە قىلىپ بەردى. ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. پۈتۈن قەشقەر خەلقى زار- زار يىغلاپ ماتەمدار بولدى. ماتەمدىن كېيىن، ئاش قىلىپ قەشقەرنىڭ بارچە چوڭ - كىچىكلىرىگە بېرىپ، خەتمە قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر رىۋايەت شۇكى، ھەزرىتى شىھىت ئەلى ئارىسلانخان پادىشاھنىڭ مۇبارەك بېشىغا تىغ تېگىپ تېنىدىن جۇدا بولغاندا، باش ئاسمانغا چىقىپ غايىپ بولغان ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھىم پۈتۈن ئالەمنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى كېزىپ، ھېچبىر يەردىن تاپالماي كەلدى.

تارىخقا تۆت يۈز سەكسەن توققۇز، ماھى مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى — جۈمە ئىدى. ئالانۇر خېنىمغا مەككە مۇئەززەمدىن: بۇ كۈن قىرىق كۈن بولدى، مەككىدىن چىنار تۈۋرۈكلۈك ئۈچ تام غايىب بولدى. شۇ تام قەيەردە بولسا ئوغلىڭىزنىڭ بېشى شۇ يەردە» دېگەن خەۋەر بىشارەت بولدى. ئالانۇر خېنىم بۇ بىشارەتنى ھەسەن بۇغراخان غازىغا بايان قىلدى. ھەممە ئۇمرالار «ھەق ۋە راستتۇر» دەپ زار - زار يىغلاشتى. ئۇلار ئەتىسى ئىستەپ چىقىپ غايىب بولغان چىنار تۈۋرۈكى بىلەن ئۈچ تامنى قەشقەر دۆلەتباغدىن تاپتى. «ھەزرىتى شىھىت ئەلى ئارىسلانخاننىڭ مۇبارەك بېشى راست شۇ يەردە» دەپ ئەقىدە باغلاپ، قەبرىسىنى ياساتتى. ھەزرىتى شىھىت ئەلى ئارىسلانخان پادىشاھ ھەققىدە قەشقەر خەلقىگە ئاش بېرىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. سەئىد ناسىر خوجىنى شەيخ، يىگىرمە بەش كىشىنى خىزمەتكار قىلىپ تەيىنلىدى. تۇرغۇن يەر، سۇ سېتىۋېلىپ مازارغا ۋەخپە قىلىپ داش قازانلارنى تەييار قىلدۇرۇپ، خىزمەتكارلارغا:

— بۇ ۋەجىھىنى ھەزرىتى شىھىت ئەلى ئارسلانخان پادىشاھ ھەققىدە پەردۇق، دائىم دۇئا، تەكبىر قىلىڭلار، خۇدايىتائالادىن غافىل بولماڭلار، — دەپ قايتا-قايتا تاپىلاپ قارارگاھىغا قايتىشتى.

ھەزرىتى ئارىپ بىللا:

— ھەر كىشىنىڭ مۇھىم بىر ھاجىتى بولسا، ھەزرىتى پادىشاھ شىھىت ئەلى ئارسلانخان قەددەسەللاھۇ سىررەھۇنىڭ مۇبارەك مازىرىغا بېرىپ ئاللاغا زار-زار يىغلاپ يالۋۇرسە، ھەزرەتنىڭ قازانلىرىنى قايىنىتىپ، چىراغلىرىنى ياندۇرسا، ھاجىتى شەك-شۈبھىسىز راۋا بولغاي، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ توغ-ئەلەملىرىنىڭ تۈۋىدىن ئورۇن ئېلىپ، شاپائىتى بىلەن بېھىشكە كىرگەي...— دەيدۇ.

ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پات-پات ئۇلۇغلار ماكانىغا كېلىپ، ئاجىزلارغا نەزىر بېرىپ، ھەزرىتى شىھىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، داشلىرىنى قايىنىتىپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ ياناتتى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇكى: ھەسەن بۇغراخان غازى، يۈسۈپ قادىرخان غازى ۋە ھۈسەيىن بۇغراخان غازىلار ئون ئىككى يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا ئىسلام دىنى شۇنداق راۋاج تاپتىكى دەستار كەيمىگەن بىرمۇ كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئەگەر دەستار كەيمىگەن بىرەر كىشى ئۇچراپ قالسا، بېشىغا مىخ قېقىلاتتى. بۇ دەۋردە

شۇنداق مەئمۇرچىلىق بولغانكى، بىر چارەك بۇغداينى ئىككى پۇلغا، ئارپا، قوناقنىڭ چارىكىنى بىر پۇلغىمۇ ئالمايتتى.

## شېئىر

ھەزرىتى سۇلتان ساتۇقنىڭ ئەسرىدە،
جايى مۆمىنلەر بىھىشت قەسرىدە.
ھەم چىنار ۋەختى پەيغەمبەر ئەردىلەر،
بارچە مۇسۇلمانلارغا رەھبەر ئەردىلەر.
چۈنكى ئولتۇردى خىلاپەتكە ھەسەن،
ۋەختى سىدىق ئەردىلەر ئى خۇش سۇخەن.
ۋەختى ئولتۇردى ھۇسەيىن بۇغراخان،
ئەردى گويا ۋەختى پارۇق ئول زامان①
ھەزرىتى غازى ھەسەن ئولتۇردىلەر،
ھەزرىتى ئوسمان كەبى ئى باخەبەر.②
ھەزرىتى غازى يەنە ئوسمان شەھى،③
شەرئىگە بەردى راۋاج ھەمچۇن ئىلى.
قىلدى جەڭ ئول ئارسلانخان پادىشاھ،
ھەم چىنان④ ئول ھەسەن بىننى مۇرتىزا.

① ۋەختى پارۇق ئول زامان — ئۇ زاماندا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدىكىدەك ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلاتتى.
② باخەبەر — خەۋەردار.
③ ئوسمان شەھى — شاھ ئوسمان.
④ چىنان — ئوخشاش.

ھەزرىتى غازى يۇسۇپ ھەم بەركامال،
جەڭ قىلىپ ئۆتتى ھۆسەيىندەك بى شامال.
ئول زامان بۇ زاتلار ھەم سۇلتان ئىدى.
خار① ئىچرە كىرسىلەر بوستان ئىدى.
داغ ئۇلارغا قىلمىسا ئالەم ۋاپا،
بىزگە قىلغايمۇ ۋاپا ئىللا جاپا.
ئۆمرىمىز ئىچرە قىلىپ پىسقى پۇجۇر،②
قىلمايىن بىرلەھزە تائەت بەھۇزۇر.
تاڭلا ھەق سورىسا سەندىن كۆپ سوئال،
بىر جاۋابنى بەرمەكىڭ سەندىن ماجال③
پادىشاھ قىلغىنسەن تۆۋپىق ئاتا،
ۋەرنەمەندە يوقتۇرۇر غەيرەز خاتا④

ئەلقىسسە، مەۋلانا سەئىددىن قەشقەرى تۈركىستاندىن ئۈچ سەردارنىڭ يۈز كىشى بىلەن بىللە ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ كىرىشكە ئىجازەت بەردى. خوجا ئابدۇللا تۈركىستانى بىلەن خوجا ئەبۇبەكرى تاشكەندى نەچچە يەردە زېمىن بۇسە قىلىپ كىرىپ كەلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى پادىشاھ: «ھارماڭلار، ھالىڭلار قانداق؟ رىيازەت تارتتىڭلارمۇ، مېھنەت - مۇشەققەت چەكتىڭلارمۇ» دەپ سورىدى. ئۇلار ئازىم بىجا كەل-

① خار — تىكەن.
② پىسقى پۇجۇر — پىتنە پاسات، گۇناھ.
③ ماجال — كۈچ - قۇۋۋەت، ئىمكان، قابىلىيەت، تالانت، يارام.
④ غەيرەز خاتا — خاتادىن باشقىسى

تۆرگەندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، تۈركىستان ۋىلايىتىدە كۆپ بولغاچقا، ھەزرەتلىرىدىن پانا ۋە شاپائەت تىلەپ كەلدۇق، — دېدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ: «لەشكەرلەر جەمئىي بولسۇن،» دەپ ئەمىر قىلدى. جاي - جايلاردىن ھېسابسىز لەشكەرلەر كېلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ قەشقەرغە ھۈسەيىن پەيزۇللا خوجا، بىغەم خوجا، ئوبۇلقاسىم قەشقەرىلەرنى سەردار قىلىپ، ئۇلارغا: «سىلەرنى ئاۋۋال خۇداغا، ئىككىنچىدىن مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە، ئۈچىنچىدىن پەدەر بۇزرۇكۋارىم — ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا تاپشۇردۇم،» دەپ دۇئا قىلىپ، ئۆزى ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى، ھۈسەيىن بۇغراخان غازى بىلەن بىرلىكتە تۈركىستان دىيارىغا ئاتلاندى. بۇ ۋەقە شۇنداق يۈرەكلىك، ئەزىمەتلەر توپلانغانكى، ئۇلار ئوتقا كىرىشتىنمۇ قورقمايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك باتۇرلار ئىدى.

### شېئىر

جەڭ مەيدانىدا ئول ئەھلى دىل،
ھەر بىرسى ئەردى گويا شىردىل.
بار گۆيدەك① ھەممىسى ۋە تىغ زەن،②

① بار گۆيدەك — بەرپا قىلغۇچى، ياراتقۇچىلار دەك.
② تىغ زەن — تىغ ئۇرغۇچى.

زۇلفە ئەردى بارەشى سەپ شىكەن①
بارچە جاھانگىر② ئەردى ھۆسنى ھەسسپ،③
جەڭ قىلىپ ئەردى ھەممەسى چۇن رەقىب.
ئىشنىق ئوتىدەك بارچەسى جانسۇز ئىدى.
غەمزە ئوقىدەك ھەممەسى دىلسىز ئىدى،
بارچەسى خۇنرىز④ ئىدىلەر چۇن پىراق.
ھىجرىدىن ئەردى بەسى قەتتالراق⑤.

بۇ سۈپەتلىك جەڭگىۋار پالۋانلار سەپ تارتىپ تۈركىستان دىيارىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۆزىچە ئىتائەت قىلىپ ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كېلىشتى. ئايىغىغا يىقىلىپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى ھەممە غازىلار بىلەن بىرلىكتە سۇلتان خوجا ئەھمەت يەسەۋىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلدى. ئاش بېرىپ، خەتمە قۇرئان ئۆتكۈزۈپ ساۋابىنى بۇزرۇكۋارنىڭ ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى.

ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان شۇ يىلى ياز، قىشتا تاشكەنتتە تۇرۇپ، تۈركىستاننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇر-

---

① سەپ شىكەن — سەپنى بۇزغۇچى.
② جاھانگىر — جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى.
③ ھەسسپ — كېلىپ چىقىشى.
④ خۇنرىز — قان تۆككۈچى.
⑤ قەتتالراق — بەك جېدەللىك، باتۇر، قىرغۇچراق.

دى. كېيىنكى يىلى خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئانىسى بىبى ھەزىيەم خېنىمنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، تامام لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەرمۇ - شەھەر يۈرۈپ، خەلقنى ئىمانغا دالالەت قىلىپ، توغرا يولغا كىرگۈزۈپ مادايىنغا① كەلدى. بۇ يەردە ھەزرىتى ئىمام ناسىردىن، ئىمام قەۋمىددىن، ئىمام سەئىددىن، ئىمام مۇھىددىنلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. ئېلىپ كەلگەن تۆھپە - ھەدىيەلىرىنى بىر - بىردىن ئۆتكۈزدى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى بىر دېمىنىمۇ بايان قىلىپ زار - زار يىغلاشتى. خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. بىر نەچچە كۈن زىيارەت قىلغاندىن كېيىن بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى، ھەزرىتى ھۈسەيىن بۇغراخان غازىلار يەگاھقا چۈشۈپ، ھەزرىتى ئىماملارغا:

— يا تەقسىر، جەددىمىز ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى يۈرگەن يوللاردا يۈرسەك، جەددىمىزنىڭ قىلىچىنى چاپساق، بىزنىڭ ئۈچۈن ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپات ۋە شەپقەتلىرىدىن ئۈمىدۋارمىز دەپ ئىلتىماس قىلدى. شۇ سائەتتە ئىمام ناسىردىن دۇئاغا قول ئېچىپ:

— سىلەرنى ئاۋۋال خۇداغا تاپشۇردۇم، ئىككىنچىدىن

① مادايىن — فۇرات دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر شەھەر.

جەددىم ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇچىنچىدىن بوۋىمىز ھەزرىتى مۇرتىزاغا، ئىمام ھەسەنگە، ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ تائالا ئەلەيھىم ئەجمەئىنگە تاپشۇردۇم، — دەپ دۇئا قىلدى. بۇ يەرگە جەم بولغان پادىشاھ، ئۇمەرالارنىڭ ھەممىسى «ئامىن» دېدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى باش-لىق شاھزادىلەرگە ئىماملاردىن رۇخسەت بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، شەھەرمۇ-شەھەر، قەلئەمۇ-قەلئە بېرىپ، ئاتىسى يۈرگەن يول-لاردا يۈرۈپ، چۈشكەن يەرلەرگە چۈشۈپ، پەدەرلىرىنىڭ قىلىچلىرىنى چېپىپ، كۇپپارلارنى فەتھ قىلىپ، دەريايى ئامۇ، دەريايى قۇلزەم ① ۋە خۇراسانلارغىچە بېرىپ ئىسلام ئاچتى. بۇلارنىڭ شەمشەرلىرىنىڭ شولىسىدىن كۆپ ئىقلىم-شەھەرلەر روشەن مۇنەۋۋەر بولدى. ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەل-لەمنىڭ شەرىئەتى يولغا قويۇلۇپ، دىنى ئىسلام بەرقا-رار بولدى.

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازىلار «ئەمدى قەشقەرگە پانايلى» دەپ تۇراتتى، «قەشقەر كاپىرىستانلىقتا ئايلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا:

— ئەي پەرزەنت، سىز مادايىنغا بېرىپ ھەزرىتى ئىماملارغا قەشقەر كاپىرىستانلىقتا ئايلىنىپتۇ، ھەزرەتلى-

① دەريايى قۇلزەم — ئوكيان.

رىدىن ھەدەت تىلەيمىز دەپ ئەرز قىلىڭ، — دەپ
بۇيرۇدى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى ماداينىغا
ژاۋانە بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان
غازى: [illegible]
— دەرھال ئەسكەرلەر جەم بولسۇن، — دەپ يار-
لىق قىلدى. يەتمىش مىڭ لەشكەر ھازىر بولدى. ھەز-
رىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇ لەشكەرلەر بىلەن
قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ شەھەرنى قامال قىلدى. كاپىر-
لار بۇ شەھەرنىڭ خەلقىگە ئىت، ئېشەك، توڭگۇز گۆ-
شىنى يېگۈزۈپ، ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈپ ئالغانلىقتىن،
ئۇلار ھارام① ئىشلارنى مۇباھ② بىلىپ، پۈتۈنلەي كا-
پىر بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان
غازى ھەر كۈنى جەڭ قىلىپ، كاپىرلارنى قىرىپ، قې-
نىنى دەريا قىلىپ ئېقىتتى. مۇسۇلمانلار شەھەرنى بەش
ئاي قامال قىلدى. تا بەش ئايغىچە شەھەردىن بىرمۇ
كىشىنى سىرتقا چىقارغۇزمىدى. ئاخىر كاپىرلار چىداش-
لىق بېرەلمەي، شەھەر ئىچىدىن لەشكەر تارتىپ سىرتقا
چىقتى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان
غازى مەيدانغا كىردى. كاپىرلار تەرەپتىن بولسا جوقتى
رەشىد مەيدانغا كىردى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان
مەيدانغا كىرىپ، شىجائەت كۆرسىتىپ، نام - نەسەب-

---

① ھارام — قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفتە چەكلەنگەنلىكى ئېنىق بولغان ئىشلار.

② مۇباھ — قىلىش - قىلماسلىق بەندىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشلار.

لىرىنى بايان قىلىپ شۇنداق جەڭ قىلدىكى، كاپىرلار-
نىڭ قېنىنى دەريادەك ئېقىتتى. پەرىشتىلەر ئاپىرىن
ئوقۇدى.

كەچ كىردى. مۇسۇلمانلار شېھىتلەرنى دەپنە قىلىپ
قويۇپ ئارامگاھىغا يېنىپ كەلدى. ئاش ئېتىپ تائامى-
دىن كېيىن خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى شېھىتلەر
ئەرۋاھىغا بەخش ئەتتى. بۇ كېچە شېھىتلەرنى يادلاپ
تاڭنى ئاتقۇزدى. نامازدىن يېنىپ سەپنى راستىلىدى.
ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان ئورنىدا — تۇغ تۇ-
ۋىدە ھەزرىتى ھۈسەيىن بۇغراخان غازىنى قويۇپ،
ئۆزى مەيدانغا كىردى. جەڭ قىلا - قىلا، قان دەريا
بولۇپ ئاقتى، كاپىرلارنىڭ بېشى سايىنىڭ تېشىدەك
ياتتى. ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەمى سۇنۇپ ۋەيران بولدى.
كاپىرلار پاراكەندە بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باش-
لىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى كاپىرلارنى
قوغلاپ ئۇرتوقاي - سۇرتوقاي قىلىپ، كۆسەن دەريا-
سىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، مال - ئەمۋال، قورال - ياراق
ۋە جابدۇقلىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئولجا ئېلىپ زەپەر
بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ چوڭ-
كىچىك ھەممە پۇقرالىرى، ئوق، قىلىچ، ساغداقلىرىنى
بويۇنلىرىغا ئېسىپ، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادى-
شاھىمىزگە ئىنتائەت قىلىپ، بويسۇنۇپ ئالدىغا چىقتى.
قەشقەرنىڭ ئۇمرا - ئۆلىمالىرى شادلىققا چۆمۈپ بۇ
نەزمىنى ئوقۇدى:

## نەزمە

كەلدىلەر بىزگە يېتىپ ھەق ئۇتلىپىدىن بىر شەھرىيار،
تىلئەتى① روشەن قىلىپ ئالەمنى چۇن خۇرشىدۋار.②
بولدى سەبزە سەيزە خۇررەم③ كەلمەك ئىلە ئول باغ
مىراد،
غۇنچىلەر ئەمدى ئاچىلدى، يەتتى گويا نەۋباھار.
زۇلمەتى كۆپرى ئىلە بۇ كاشغەر تەرىك④ ئىدى،
كەلدى چۇن ئىبىر ماھى تابان قىلدى لەيلىنى ناھار⑤.
مال ـ جانۇ، ھەملىكەت، ئى پادىشاھى ئالەم پاناھ،
بارچەسى كىم خاك پايىڭغە⑥ سېنىڭ بولسۇن نىسار.

ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى قەشقەر خەلقىنى ئىسلامغا دالالەت قىلدى. خەلق يېپىشىشىن ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولدى ھەم تۆلار پۇل، ماللىرىنى، ھەتتا جان ـ تەنلىرىنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان پادىشاھىمغا تەقدىم قىلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بولسا بۇ پۇل ـ ماللارنى ئىسلام لەشكەرلىرىگە، پەقىر ـ كەمبەغەل يوقسۇللارغا

① تىلئەت — چىراي.
② خۇرشىدۋار — قۇياشتەك.
③ سەبزە سەيزە خۇررەم — يېشىل بوستانلىقتا خۇشال ـ خۇرام.
④ تەرىك — قاراڭغۇ.
⑤ لەيلىنى ناھار — كېچىنى ـ كۈندۈز.
⑥ خاك پاي — ئاياغ ئاستىدىكى توپا.

تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئاش قىلىپ، قەشقەرنىڭ چوڭ - كىچىك پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىنى مېھمان قىلدى. خەتمە قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بەخش ئەتتى.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى ھەممە خەلق، جىمى يۇرتلارغا مەلۇم بولدى. لەشكەرلىرى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولدى. سەلتەنىتى دەمبەدەم ① ئۇلغايدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان مانا شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «كاپىرلار بىزگە ئامانلىق بەرمەيۋاتىدۇ، لەشكەرلەر جەم بولسۇن» دەپ يارلىق قىلدى. ئۈچ كۈندە بارلىق لەشكەرلەر جەم بولدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى ئۇلارنى باشلاپ، يېڭىسارغا چۈشتى. كاپىرلار بۇ يەردە بېشى ئالتۇنلۇقتىن ئايىغى قارا ئۆتەڭگىچە بولغان ھەممە جايىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇ كاپىرلار بىلەن نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ، ئاخىر تاغ باغرىغا قوغلاپ باردى. بىراق بۇ چاغدا تاغ ئىچىدىن نەچچە مىڭ كاپىر چىقىپ مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر تال موي نەشتەردەك تىك تۇردى. ئۇ خۇددى مەست تۆگىدەك ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، بۇرقىراپ جەڭگە كىردى. جەڭ شۇنداق قاتتىق بولدىكى، نەچچە مىڭ كاپىر جەھەننەمگە ئەۋەتىلدى، كاپىرلارنىڭ خۇنى جەيھۇندەك ئاقتى. ئاللا-

① دەمبەدەم — ئارقىمۇ - ئارقا.

ئائىلانىڭ تەقدىرى ۋە ھۆكمى بىلەن شۇ كۈنكى جەڭدە تەبرىزنىڭ سەردارلىرىدىن خوجائەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئەبۇل مەنسۇر تەبرىزى، ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەت تەبرىزى ۋە ئابدۇراخمان ئىبنى مۇھەممەت تەبرىزىلەرنىڭ ئەچچە يېرىگە ئوق تېگىپ، شاھادەت قانىتى بىلەن جەننەتۇل پىردەۋسكە راۋانە بولدى.

### بېيىت

دۇنيا دوستلىرىغا قىلمايدۇ ۋاپا،
ۋاپا ئۈمىدۋارۇ، ھەممىسى جاپا.

شۇ كۈنى مۇسۇلمانلاردىن ئۈچيۈز كىشى شەربەت شاھادىتىنى ئىچتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا تەبرىز دەپ ئات قويۇلدى.

كەچ كىردى. مۇسۇلمانلار جەڭدىن يېنىپ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ ئارامگاھىغا چۈشتى. ياريدارلارنىڭ يارىلىرىغا دورا سۈرتتى. تائامدىن كېيىن خەتمە قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى.

ئەتىسى پادىشاھ ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان ئۇمرالىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز بامداتنى ئۆتەپ بولۇپ، سەپنى راست قىلىپ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇردى. چىگالۇ خالخال ماچىن مەيدانغا كىردى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان مەيدانغا ھەيۋەت كىرگۈزۈپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى.

## رۇبائىي

دەردۇ - غەم ئاباد جاھان بى يار بۇدەن مۇشكۇلەست،
غەم زەھىد بى گۇزەشت بى غەمخار بۇدەن مۇشكۇلەست.
رەپتە ئان دىلدار دىلخۇن كۇشتەئى باخۇد مىران،
ئى ئەزىزان بىدىل دىلدار بۇدەن مۇشكۇلەست.①

ئاندىن ئۇ جەڭگە كىرىپ، كاپىرلارنى قىرىپ، قېنىنى دەريادەك ئاققۇزدى. كاپىرلارنى قانچە ئۆلتۈرگەنسېرى شۇنچە غولداپ كېلىپ ئەتراپنى قورشىۋالدى. بۇ دەشتتىن ھېچ يەرگە قېچىشنىڭ ئىلاجىسى بولماي، شۇ يەردە بىقارار بولدى. يەتتە كۈنگىچە بىر قەترە سۇ تېپىلمىدى. مۇسۇلمانلار ئاچلىق — تەشنالىقتا تاقەتلىرى قالمىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا سېغىنىپ تەۋەججۇ قىلدى. شۇ سائەتتە خۇدايىتائالانىڭ رەھمى ۋە ئىنايىتى بىلەن ئىككى پاك سۈرەت پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن پىيالە، يەنە بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئاپتۇۋا بار ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى:

① مۇشكۇلەست — جاھاننى ئاۋات قىلىشتا يارسىز، مەدەتسىزلىك ناھايىتى مۇشكۇل، ئۆتمۈشنىڭ غەملىرىنى ئەسلەشمۇ مۇشكۇل. كۆڭۈلدىكى يار بولمىسا، يۈرەك خۇن بولۇپ كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇسى كېلىدۇ. ھەي بىدىل ئەزىزى! كۆڭۈلدىكى يارنىڭ بولۇشى مۇشكۇلدۇر.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئىككىيلەن:

— بۇ زەمزەم سۈيى — دەپ ھەزرىتى ھەسەن بۇغ-راخاننىڭ قولىغا بەردى. شۇ ئىككى پاك سۈرەتنىڭ بىرى-سى ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، يەنە بىرىسى بىر پە-رىشتە ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇ سۈنى قولىدىكى ئالتۇن پىيالىغا قويۇپ ئىچتى ۋە قالغىنىدا تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت شۈكۈر ناماز ئوقۇدى. ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە نالە - زار قىلدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ تامغان ياشلىرى بىلەن تەرەتتىن تۆكۈلگەن سۇلار تاش ئۈستىدىن يەرگە سىڭىپ چۈشۈپ ئىككى جايدا سۇ پەيدا بولدى. ھەز-رىتى ھەسەن بۇغراخان خۇدايىتائالاغا ئىنتايىن كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئۇ ھاسىسىنى سانجىپ قويغان يې-رىدىن ئالاي دەپ قارىسا، ھاسىمۇ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆكلەپ قالغان ئىدى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى بۇنىڭدىن: «بىزنىڭ قارارگاھىمىز مۇشۇ يەر ئىكەن» دەپ بىلىپ، بۇ جايغا «دەشت كۆل» دەپ ئات قويدى. ئاندىن مۇسۇلمانلارغا سۇنى ئىچىشكە ئەمر قىلدى. مۇسۇلمان لەشكەرلەر بۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ كارامەتلىرىگە تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىپ يېڭىباشتىن بەيئەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخانغا بولغان ئېتىقاد-ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلار تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، دەشت كۆل دېگەن يەردە نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى. لېكىن كاپىرلار غالىپ كېلىپ مۇسۇلمانلارنى

خاراب قىلدى، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان ۋە بارلىق ھاكىم - ئۇمىرالار بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن بىتاقەت بولدى. ئەتىسى يەنى مۇھەررەمنىڭ ئون تۆتى، چار-شەمبە كۈنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان بەش مىڭ لەشكەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە كەلدى. كاپىرلار تەرەپتىن جوقتى رىشىد ئون مىڭ كىشى بىلەن مۇقابىل بولدى. شۇ كۈنى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان مەيدانغا كىرىپ، ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا چېپىپ يۈرۈپ شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، بۇ جەڭ «قويسا ھەر بارە ئوق ئاتارغا قول، ئوقىغا يوق ئىدى خاتا سارى يول» دېگەندەك بولدى. بىراق بۇ كۈنمۇ كاپىرلار غالىپ كېلىپ ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازىنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزدى.

### مەسنەۋى

ئەگەر تاپساڭ ھايات خىزرى، ئىلياس،
كېتەر سەن بۇ جاھاندىن ئەيىۇھەنناس.
ئەگەر تاپساڭ تىرىكلىكتىن دۇدى بارە،
ساڭا يوقتۇر ئۆلۈمدىن ئۆزگە چارە.

### رۇبائىي

دەرىغا كەتسە دۇنيادىن بۇلاردەك ئارىپ بىللا،
كى بىزدەك رۇسىيە① لەرگە ۋاپا قىلماس، بولۇڭ ئاگاھ.

① رۇسىيە — قارا يۈز.

ئەگەر لوقمان سۈپەت دۇنيا ئۆمرۈك مۇسەممەن ① كۆرسەڭە
قىلۇر مەجرۇھ جىسمىڭنى قازا تىرى② كىلىپ نىگاھ.

بۇ كۈنى مەريەم خېنىممۇ جەڭگە كىرىپ، كاپىرلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن كاپىرلارنى جەھەننەمگە يولغا سالدى، ئۆزى بولسا شاھادەت شارابىنى ئىچىپ، ھەقىقى سائادەتكە مۇيەسسەر بولدى.

ئۇ كۈنى كەچ بولدى، ھۇسەيىن بۇغراخان غازى باشلىق بارلىق مۇسۇلمانلار ئارامگاھىغا يېنىپ چۈشتى. تائام يەپ، نەتىمە قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بەخش ئەتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتتى، مۇسۇلمانلار نامازدىن كېيىن سەپنى راست قىلدى. بۇ كۈنى يەككىمۇ - يەككە جەڭ بولدى. مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ قانچە قىرغانسىرى ئۇلار شۇنچە كۆپىيىپ كېلەتتى. ھەزرىتى ھۇسەيىن بۇغراخان غازى ھەيران بولۇپ: «بۇنىڭدىكى قىسمەت نېمىدۇر؟» دەپ ئارامگاھىغا قايتىپ كەلدى.

مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون سەككىزى ئىدى، مۇسۇلمانلار ناماز بامداتتىن يېنىپ لەشكەرگاھقا كەلدى. لەشكەرگاھتا ئاران ئوتتۇزمىڭ كىشى قالغان ئىدى. ھەزرىتى ھۇسەيىن بۇغراخان غازى پادىشاھىم بۇ ئەھۋالغا

① مۇسەممەن — سېمىز.
② قازا تىرى — قازا ئوقى

ئېچىنىپ، بارلىق ئاخۇن، ئاكابىر، ھاكىملار بىلەن بىر-لىكتە زار-زار يىغلاپ، ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك ئېقىتىشتى. پادىشاھ ھۈسەيىن بۇغراخان غازىنىڭ ئاخۇن، ئاكابىر، ھاكىملىرى بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىز ھەزرەتلىرىدىن كېيىن قالغۇچە جېنىمىز پىدا بولسۇن، ئالدىلىرىدا جەڭ قىلىپ ئۆلگىنىمىز ياخشىراق، — دەپ ھەسرەت چېكىپ جەڭگە كىردى. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ شاھادەت تاپ-قانلىقىدىن ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرى قان بولغان ھالدا، **قەرە** تارتىپ ئۆزلىرىنى كۆپپار لەشكىرىگە ئۇردى.

## مەسنۋى

ئۆلتۈرۈپ كاپىر چېرىكىن بىشۇمار،①
خۇنى كۆپپار ئاقتىلەر چۈن② ئەبرۇنەۋ باھار.③
ئانىمە④ ئۆلتۈردىلەر كاپىر ئېلىن،
بولدى بىسيار جەڭ تەقدىرنى ئېكىن.
جەڭ قىلىپ ئەردى يۈرۈپ چۈن ئارسلان،
كۆپۈك ئۆرلەپ ئاغزىدىن بولدى راۋان.
يۈرۈر ئەردى جەڭ قىلىپ ئول پادىشاھ،
ناگاھان ئوق تەگدى ئول تەقدىر ئىلاھ.
بولدىلەر ئەپكەندە ⑤ قانسىراپ ھەمىن،

① بىشۇمار — سانسىز، تولا.
② چۈن — ئوخشاش.
③ ئەبرنەۋباھار — باھار يامغۇرى.
④ ئانىمە — ئۇلار ھەممىسى
⑤ ئەپكەندە — خار، كەمتەر، تاشلاندۇق.

كەلدى ئۇل سائەت قېشىغا بىرلەئىن،
ئۇل شاھىنشاھنى كېلىپ قىلدى شەھىت.
ئىچتىلەر شەربەت شاھادەت ئۇل سەئىد،
باشلىرىدىن تەنلىرى بولدى جۇدا.
لەرزىگە كەلدى زەمىن ۋە ھەم ساما.
كەلدى چۇن غەلىبە قىلىپ نوكتەرەشت.
لەشكەرى ئىسلامنى قىلدىلەر شېھىت.
بولدى گوياكى قىيامەت ئۇل زامان،
قاپقاراڭغۇ بولدى ئولدەم بۇ جاھان.
ھەپتە تەبىقە ① ئاسمانۇ ھەم زېمىن،
تىترەدى چۇن بولدى بىتاقەت ھەمىن.
مالائىكلەر ھەم قىلدىلەر كۆپ نالە - زار،
يىغلادىلەر كىم مىسال ئەبرۇ باھار.
نالە ئەيلەپ يىغلادىلەر ھۇش تەيۇر،
كەتكەچ ئالەمدىن ئۇشۇل نۇرباسەۋۇر②.
ۋادەرىخا كەتسە ئانداغ غازىيان،
كىمسەگە قالغاي بۇ پانى جاھان.
گەر سۇلايماندەك جاھانغا شاھسەن،
چەرخ ئەتلەس ئۈزرە بولساڭ ماھى سەن.
گەرچە جەمشىت ئىشىكىدە بولسا نەدەم،
ماھى يەڭلىغ ھۆرلەر بولسا ھەردەم.
ئاسمانلەرنى تاماشا ئەيلەسە،
شىشە يەڭلىغ ئۆزنى ھاشا ئەيلەسە.

① ھەپتە تەبىقە —— يەتتە قەۋەت.
② نۇرباسەۋۇر —— دىل نۇرى، كۆز نۇرى.

ئاقىبەت تېرە ۋە مىران ئىستىتەر ①،
يۈز نادامەت بىرلە ئالەمدىن كېتەر.

× × ×

«كېتىپ بۇ ۋەسلىدىن چۈن ھەزرىتى ھەسەن غازى،
قالىپتۇر يىغلىشىپ بۇلبۇل بولۇپ زاغلەرغە كۆپ بازى.
دەرىغا ھەسرەتتە كىم بىۋاپا كىمدۇر بىباھا دەۋران،②
قايان بارساق تېپىلمايدۇر ئۇلەردەك مەھرەمى رازى.③»

دەپ كاپىرلارنى مىڭلاپ قىرىپ، خۇننى جەيھۇندەك ئاقتۇردى. ئۇ كۈنى ھۈسەيىن بۇغراخان غازى قاتتىق جەڭ قىلىپ، نەچچە يۈز كاپىرنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. ئۇ جەڭ قىلىپ كاپىرلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا مۇبارەك بەدەنلىرىنىڭ نەچچە يېرىگە ئوق تەگدى. قازايى ئاسمانى ۋە تەقدىر رەببانى④ شۇنداق بولۇپ ھەزرىتى ھۈسەيىن بۇغراخان قانسىراپ يىقىلدى. بەدبەخت كاپىر نۇكتەرەشىد ئۇنىڭ مۇبارەك بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ھەزرىتى پادىشاھقا شاھادەت

① تېرە ۋە مىران ئىستىتەر — قاراڭغۇلۇق تەرەپكە مېڭىپ كېتەر

② بىباھا دەۋران — ۋاپاسىز دۇنيا.

③ مەھرەمى رازى — سىرداش بىر كىشى.

④ قازايى ئاسمانى ۋە تەقدىر رەببانى — ئاسماننىڭ (تەڭرىنىڭ) ھۆكۈمى، خۇدانىڭ تەقدىرى.

يەتكۈزدى.

بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كۈنى ھۈسەيىن بۇغراخان بىلەن ھەسەن بۇغراخان غازى بىرلا ۋاقىتتا شېھىت بولۇپ، بىر يەردە بىللە قوچاقلىشىپ ياتقان دېيىلىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ كاپىرلارنى قوغلاپ يەكەننىڭ تۇققۇز كەنت دېگەن يېرىگە چۈشكەندە كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ شاھادەت تېپىپ، شۇ يەردە ياتقان دېيىلىدۇ. راست سۆز ئالدىنقىسىدۇر.

ئۇ كۈنى گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك، جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. ھەپتە تەبىقە ئاسمان پەرىشتىلىرى نالە قىلدى. مۇسۇلمانلار پاراكەندە بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ، دەشت باياۋانلارغا كىرىپ كەتتى. كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھل - ئەۋلادىغا ئات سالدى. ھەدىيە تىركەن خېنىم قىزلىرى بىلەن قايراق ياقىسىغا چىقتى. كاپىرلار يېتىپ كېلىپ قول سۇنغاندا: «خۇدا پانا بەرگىن» دەپ نالە قىلغان ئىدى، شۇ سائەتتە يەر يېرىلدى. ھەدىيە تىركەن خېنىم قىزلىرى بىلەن يەرگە كىرىپ غايىب بولدى. كاپىرلار كېلىپ قەشقەرنى بېسىۋالدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن بۇغراخاننىڭ شاھادەت تاپقانلىق خەۋىرى ئۇلارنىڭ مادايىندىكى پەرزەنتى ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا ئاڭلاندى. شۇ سائەتتە ھەزرىتى

پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان غازى ھەزرىتى ئىمام ناسىرىددىن، ئىمام قەۋمىددىن ۋە باشقا ئىمام زادىلەر-نىڭ قېشىغا كىرىپ پەگاھدا تۇرۇپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، پەدەر - بۇزۇرۇكۋارىمىنى كاپىرلار شاھادەتكە يەتكۈزۈپتۇ، ھەزرەتلىرىدىن مەدەت تىلەيمەن، — دەپ ئەرز قىلدى. ھەزرىتى ئىمام ناسىرىددىن ۋە ئىمام قەۋمىددىنلار يۈز قىرىق مىڭ لەش-كەرگە ھەزرىتى سەيىد جالالىدىننىڭ ئوغلى سەيىد ئالاۋىددىننى باش قىلىپ تۈركىستانغا يولغا سالدى. ئۇنىڭغىچە كاپىرلار ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ يۈز قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن مادايىنىدىن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چىن ماچىنغا قېچىپ كەتتى. قەشقەر خەلقى تۈھپە - ھەدىيە-لەر ئېلىپ، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ ئالدى-غا ئەنجان تېغىغىچە باردى. ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ پەشلىرىنى سۆيدى. شېھىت بولغان پادىشاھلارنى ياد ئېتىپ زار - زار يىغلىشىپ، ياشلى-رىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ ھازا ئېچىشتى. تەزىيە-دىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئاش، خەتمە قۇرئان قىلىپ، ساۋابىنى شېھىتلەر روھىغا بېغىشلىدى. ئەتىسى ھەزرىتى پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان غازى قەشقەرگە راۋان بولدى. قەشقەرنىڭ ئاكابىر، ئاخۇنلىرى، چوڭ-كىچىك ھەممە پۇقرالىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ زار - زار يىغلاشتى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى بىتا-قەت بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن

مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت ئىقبالى ھەققىدە دۇئا - خەيىر قىلدى. قەشقەر خەلقى پۇل - ماللىرىنى ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزغا تەقدىم قىلدى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىم بۇ پۇل - ماللارنى پەقىر - پۇقرالارغا نەزىر قىلىپ بېرىپ، قەشقەردىن ئالغان يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن تولۇقلانغان بىر يۈز ئاتمىش مىڭ كىشىلىك لەشكەرنى ئېلىپ يېكىسار مەۋزەئى—ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخانلار شاھادەت تاپقان يەرگە قاراپ يولغا چىقتى. دەشت كۆلگە يېتىپ بېرىپ شېھىتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ، بىھوش بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ «كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدىمۇ ياكى بى ھوشمۇ ياكى نېيقۇدىمۇ ياكى ئويغاقمۇ؟...» دېيىشىپ يىغلاپ ماتەم تۇتتى. باشلىرىغا تۇپراق چېچىپ، پەدەر - بۇزرۇكۋارىنى قۇچاقلاپ نالە زار قىلدى. لەشكەرلەرمۇ ماتەمدار بولدى. ھەزرىتى پادىشاھ يۇسۇپ قادىرخان غازى ماتەمدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئاتىلىرى ھەسەن بۇغراخان بىلەن ھۈسەيىن بۇغراخانلارنىڭ تەندىن جۇدا بولغان باشلىرىنى بىر جايغا ئەپكىلىپ ۋەسلى قىلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئى بارا خۇدايا، ماڭا مۇبارەك مەنزىل بەردىڭ، سەن بارچىغا مەنزىل بەرگۈچىنىڭ ئەڭ ياخشىراقىدۇرسەن، — دەپ يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ، ئۇلۇغ تەرىپىنى بىسىپ ياتقان شەكىلگە كىرگۈزۈپ جايى مەنزىلگە دەپ-

نە قىلدى. ئاندىن دەشتنىمۇ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ شېھىت بولغان ھاكىملار، ئۈمەرالارنى ۋە يىگىرمە بەش مىڭ شېھىتنى تېپىپ ئاتىلىرىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى. بەش مىڭ قوي، ئىككى يۈز تۆگە، تۆت يۈز كالا، بەش يۈز ئات ئۆلتۈرۈپ، شېھىتلەر ھەققىدە ئاش قىلىپ بەردى. خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى شېھىتلەر ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. ئاندىن شاھىنشاھ خوجا ياقۇپنى شەيخلىققا، ئوتتۇز كىشىنى سىپارەخانلىققا ①، قىرىق كىشىنى باشقا ئىشلارغا تەيىنلەپ بېشى ئالتۇنلۇقتىن ئايىغى ماگىشىنىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قارا چاناق، سايلىق ئۆستەڭ بويلىرىدىكى يەرلەرنىڭ ھەر بىر چارەكلىكىنى بىر مىسقالدىن ئالتۇنغا ئېلىپ، پەدەرلىرىنىڭ رەۋزىسىگە ۋەخپە قىلىپ، ھەر بىر شەيخ، سىپارەخان، جارۇپكەشلەرگە:

— ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان باشلىق ھەممە شېھىتلەرنىڭ ئەرۋاھىغا دۇئا، تەكبىر قىلىڭلار! — دەپ تاپىلىدى. ئاندىن يەنە: «مەزكۇر پادىشاھلارنىڭ مازارىغا قويۇلغان ساھىپ تەكبىر ② لەر ۋە ئۇلار ئىجرا قىلغان ئىشلارنى ھەر قانداق كىشى قوبۇل قىلمىسا ياكى تاجاۋۇز قىلسا قىيامەت كۈنى بولغاندا ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان پادىشاھنىڭ، شۇنداقلا

① سىپارەخان — مازاردا ئولتۇرۇپ مەخسۇس خەتمە قۇرئان قىلىدىغان قارىلار.

② ساھىپ تەكبىر — ئاقساقال.

ھارلىق پادىشاھ غازىلارنىڭ ئالدىدا شەرمەندە ۋە قارايۈز بولۇپ، دوزاخقا بارغاي، مەزكۇر پادىشاھلارغا مۇنكىر ① بولۇپ ھاقارەت قىلسا، ئاخىرەتتە ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شاپائەت- لىرىدىن مەھرۇم قىلىپ دوزاخقا بارغاي، قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولغاي، شۇنداقلا يەنە نەزىر - نىـ يازلىرىنى ئۇلار ئۇچۇن بەرمەي، ئۇلارنى ھەقىر كۆر- سە، رەسۋايى جاھان بولۇپ بى ئىمان كېتەر، بۇنىڭدا ھېچ شەك ۋە شۈبھە يوقتۇر» دەپ خەت پۈتتۈرۈپ موھرىنى باستى.

**نەزمە**

راۋىلار ② ئەيتۇركىم ئىشتىكىل بىر كالام،③
ھاجىتى بولسا كىشىنىڭ ئى كىرام.
يىغلاسۇن ئول ئىستىئانەت ④ لەر قىلىپ،
ئول زامان رەۋزە مۇبارەك ⑤ كە بېرىپ،
ھەم مۇجاۋىرلەر ⑥ نى ئول شاد ئەيلىسۇن،
..................................................

① مۇنكىر — تانغۇچى، ئىنكار قىلغۇچى
② راۋىلار — رىۋايەت قىلغۇچىلار.
③ بىر كالام — بىر سۆز.
④ ئىستىئانەت — ياردەم
⑤ رەۋزە مۇبارەك — ئۇلۇغ مازار.
⑥ مۇجاۋىرلەر ئۆز — ۋەتىنىدە بولغۇچىلار، ۋەتەنداشلار، قوشنىلار.

ياندۇرۇپ شەمئىنى قىلىپ ماھى كېچۇش،①
ئاڭلىسۇن ھەر كىمكى بولسا ئەھلى ھۇش،
ھاجىتى بولغاي راۋا كانى مۇھىم،
ھەم شىپا تاپقاي ئەگەر بولسا سىقىم.②
ئى مۇجاۋىر بولسا دەر روزى شىرىپ،
تاڭلا مەھشەر كۈنلىرىدە ئى زىرىپ.③
بى گۇمان ئول بەندىگە بولغاي شەپى④،
بولغاي ئەلۋەتتە ماقاماتى دەپئى.⑤

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى ئاتا - بوۋا، ئەجدادلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا نىيەت باغلاپ يۈز قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن يېڭىسارىدىن خوتەنگە قاراپ يول ئالدى. يەكەندىن ئۆتۈپ خوتەنگە بېرىپ، خوتەننى يەتمىش قات قورشىدى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى چىگالۇ خالخال ماچىنلار بىلەن يىگىرمە تۆت يىل ئۇرۇش قىلدى، خۇدايىتائالا پەتھى نۇسرەتنى مۇسۇلمانلارغا بەردى. ئۇلارغا زەپەرنى يار قىلدى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى ئاخىر كاپىرلارنى جەھەننەمگە يولغا سېلىپ، ئاتىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. جۇقتى رەشىد، نۇكتى

① شەمئىنى قىلىپ ماھى كېچۇش — چىرىغىنى ئايغا ئوخشاش ياندۇرۇپ.
② سىقىم — كېسەل.
③ زىرىپ — ئەقىللىك.
④ شەپى — شاپائەت قىلغۇچى.
⑤ دەپئى — ئاخىرلاشتۇرۇش، توسۇش، قايتۇرۇش.

رەشىدلەر بولسا قالغان كاپىرلار بىلەن تاغقا قېچىپ كەت-
تى. يۈسۈپ قادىرخان غازى بۇ كاپىرلارنىڭ ئارقىسىد-
دىن قوغلاپ بارمىدى. چۈنكى، يۈسۈپ قادىرخان جەڭ-
گە ئاتلانغىلى يىگىرمە تۆت يىل بولغانچقا مەملىكەتباش-
چىسىز قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ خوتەن خەلقىنى ئىمانغا
دالالەت قىلىپ، ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلىپ بولغاندىن
كېيىن، جەڭدىن قولىنى ئۈزۈپ: «ئىنشائاللا، خۇدايىتا-
ئالا مۇيەسسەر قىلسا يەنە بىر كۈنى بۇنىڭدىن زىيادە
لەشكەر جەملەپ كېلىپ، نەگە قاچساڭ
شۇ يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ جازاڭ-
نى بەرمىسەم يۈسۈپ قادىرخان غازى بولماي كېتەي»
دەپ ئەھدە قىلىپ، كاپىرلاردىن ئولجا ئالغان مال -
مۈلكلىرىنى ئېلىپ شاد - خۇراملىق بىلەن يەكەنگە
قايتىپ كەلدى. يەكەن خەلقى-سوۋغا - سالام، پىشكەش-
لەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان
غازىنى قىزغىن قارشى ئالدى. يەكەننىڭ چوڭ-كىچىك ھەممە پۇقرالىرى ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غا-
زى پادىشاھىمغا يۈز چەندان ئەقىدە ئىخلاس قىلىپ
يېڭىباشتىن ئىمان كەلتۈردى. ھەزرىتى پادىشاھ يۈسۈپ
قادىرخان غازى دۇئا - خەيرى قىلغاندىن كېيىن يە-
كەننىڭ تەختگاھىغا ئۆزلىرىدىن كىشى بەلگىلەپ قو-
يۇپ يولغا راۋانە بولۇپ «قىزىل» دېگەن يەرگە چۈش-
تى. بۇ يەردىكى ئۆزگە بەيئەت قىلغان پۇقرالارغا ھەز-
رىتى شېھىت ئەلى ئارسلانخان ھەققىدە بىر كۆل چې-
پىشقا ئەمىر قىلدى. پۇقرالار ئوقتەك تېز ھەرىكەتلى-

نىپ تۇپراقلارنى قول ۋە باشلىرىغا ئېلىپ توشۇپ، بۇ
كۆلنى بىر كۈندە پۈتكۈزدى. ئاندىن يەنە ھەزرىتى
يۈسۈپ قادىرخان غازى بۇ جايدىن بىر مۇنچە يەر-
سۇ ئېلىپ ھەزرىتى پادىشاھ ئەلى ئارسلانخاننىڭ ما-
زارىغا ۋەخپە قىلدى. شەيخ، جارۇپكەشلەرنى تەيىنلى-
دى. خوجا پىققە ئايۇپ خوجامغا:

— چوڭ بولسا سىلەرگە خىزمەتكار بولسۇن، — دەپ
بىرادەختەندىن ① ئېلىپ كەلگەن بىر نەچچە كىچىك
باللارنى پەرۋىش قىلىشقا تاپشۇردى. بۇ جايدىن ئۆ-
تۈپ تاغ باغرىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى شېھىتلەرگە دۇئا-
تەكبىر قىلدى. ۋەخپە قىلىپ، شەيخ، جارۇپكەشلەرنى
قويۇپ يەنە ئاتىلىرى ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغ-
راخانلارنىڭ شاھادەت تاپقان يېرىگە كەلدى. تامام
لەشكەرلىرى بىلەن خەتمە قۇرئان قىلىپ ساۋابىنى شې-
ھىتلار ئەرۋاھىغا بېغىشلىدى. ئاندىن ھەزرىتى يۈسۈپ
قادىرخان غازى پادىشاھ پۇقرالارنى چاقىرتىپ:

— ئەي خالايىقلار، سىلەردە پەدەر - بۇزرۇك-
ۋارىمنىڭ ھەققى ئاتاڭلارنىڭ ھەققىدىنمۇ زىيادە تۇ-
رىدۇ. چۈنكى ئۇ پادىشاھلىق قىلىپ سىلەرنى توغرا
يولغا كىرگۈزدى. ياخشى ئېتىقاددا بولۇڭلار، — دەپ تا-
پىلاپ قەشقەرگە راۋان بولدى. قەشقەرنىڭ چوڭ - كى-
چىك پۇقرا، ئۆلىما، ئاكابىر، ئۇمرالىرى سەپ - سەپ
بولۇپ ئالدىغا چىقىپ تازىم بىجا كەلتۈردى. ھەزرىتى

① بىرادەختەن — جاي ئىسمى.

يۈسۈپ قادىرخان غازى دۇئاغا قول ئاچتى، پۈۋـرالار
ئامىن دېدى.
«پادىشاھ سـەركاسـت ئەز پەلەك پۈر نۇرباد،
داد ئەدلەش دەر ھەم ئايەد ئاخىرەت مەمۇرى باد.①
دەپ دۇئانى تامام قىلـدى. شەھەر ئىـچـىگە كىـرىـپ
تەخـتى تەھەممۇلدە بىقارار بولـدى. خۇدايىـتائالانىڭ
بەندىلىرىنى توغرا يولغا كىرگۈزدى. مۇھەممەت مۇستەفا
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شەرىئەت ھۆكمىنى
بىجا كەلتۈرۈپ، دىن ۋە مىللەتنى راۋاج تاپقۇزدى. مۇ-
سۇلمانلارغا ئەدلى ـ ئادالەت بەردى، سەلتەنەت تەخـ-
تىنى مۇستەھكەم قىلدى. خوتەندىن ئولجا ئالغان مال ـ
ئەمۋالىنىڭ بىر قىسمىنى تەشقەر خەلقىغە نەزىـر ـ نە-
ياز قىلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە بىر قىسمىغا خانىئې-
رىقنىڭ بىر قېشىدىن تازغۇنىنىڭ يەتتە كەنتىگىچە بول-
غان ئارىلىقنىڭ ھەر بىر چارەكلىكىنى بىر مىسقالدىن
ئالتۇنغا ئېلىپ ۋەخپە قىلىپ، مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىر
قىسمىنى سەييد ئالاۋىدىننىڭ ئەۋلادىغا، بىر قىسمىنى
شەيخ خىزمەتكارلارغا، بىر قىسمىنى سىپارەخان ۋە پە-
قىر ـ مىسكىنلەرگە تەقسىملەپ بەردى.
ھەر كىم بۇ پادىشاھ ـ زادىلەرنىڭ نەزەرلىرىگە
مۇنكىر بولسا يۈزى قارا شەرمەندە ۋە رەسۋايى جاھان

① پادىشاھنىڭ بېشىغا پەلەك تەرىپىدىن كۆپلەپ نۇر ياغسۇن، پادى-
شاھلار ئادالەتلىك بولسۇن ۋە داد ـ پەريادقا يەتسۇن، ئۇلارنىڭ
پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرى ھەم ئاۋات بولسۇن.

بولۇپ شاپائەتتىن بىنىسىپ بولۇشىدا ھېچ شەك ۋە شۈبھە يوقتۇر.

## نەزمە

ھەر كىشىنىڭ بىر ئۇلۇغ ھاجىتى بولسا ئەگەر،
قىلسۇن ئۇشبۇ پادىشاھلار يولىدا خىزمەت نىسار.
بىرلىرىدۇر سۇلتان ساتۇق، بىرلىرىدۇر شاھ ھەسەن،
بۇغراخان غازى ئېرۇر تەيىن قىلايىن ئىكبار.①
بىرلەرىدۇر ھۈسەيىن شاھ بۇغراخان ئاندىن بىلىڭ،
ھەم ھۈسەيىن بۇغراخان غازى ئېرۇر ئول شەھسۋار②
بىرى ئوسمان بۇغراخان ھەم شەھىدۇ ئارسلان،
ھەم يۈسۈپ قادىرخان تەختىدە ئېرۇر ئول بەرقارار.
دىدى سەن تۈرك ئەيلەبان قىلساڭكى تەكبىرۇدۇئا،
ھاجىتى، مۈشكۈللىرى بولغاي راۋا ئول بىسيار.
ئاخىرەت دائىم شاپائەتتىن كۆرەركى يوقتۇر شەك،
رەھمەت ئەتكەيلەر ئۇلارغا ھەزرەتى پەرۋەردىگار.
دىنۇ مىللەتنىڭ چىراغى ئەردىلەر بۇ غازىلار،
بارچەسى رۈستەمدىن ئارتۇق پەھلىۋان ھەم نامدار.
كۈپرىلەر تىترىشەرئەردىلەر بۇلەردىن قورقۇشۇپ،
گويا چۈن مۇرتىزا دۇلدۇلغا بولغاندەك سۇۋار.
ھەر كىشى رەۋزە مۇبارەكنى بارىپ قىلسا تاۋاپ،
بار ئېرۇر ئۆمرى ئىچرە قىلغان تائەتىدىن سەدھازار③.
بۇسە قىلسا ھەر كىشى بۇغازىلەرنىڭ رەۋزەسىن.

---

① ئىكبار — چوڭ.

② شەھسۋار — پادىشاھقا ئوخشاش.

③ سەدھازار — يۈز مىڭ.

قىبلە بەيتۇللا ئېررۇ بىلگىل كى ئى ھەيدەر كەررار①
ھەر كىشىگە بولسا راجى②تاپقىلى ھەق قۇربەتىن،
ئەۋلىيالار خىزمەتىن قىلماققا بولسۇن ئىنتىزار.

ئاستانىدۇر ھەم بۇلارنىڭ بىلسە خادەم روزىشەپ،③
بىلگىل ئول ئەھلى سائادەت بارچە مەقسۇدىن تاپار.
بۇ شىپھىتلەر ھەققىدە چۇن گەرچە④قىلسا ھەركىشى،
تاڭلا مەھشەر كۇنلىرى بولغاي بەسى بائىتىبار.⑤

بولسا بىدار ھەر كىشى بۇ غازىلەر ئەييامىدە،⑥
بى گۇمان باشىغا رەھمەتنىڭ بارانى⑦ياغار.
يائىلاھا بۇ ئەزىزلەر ھۇرمىتىدىن بارچەنىڭ،
يازۇقىن⑧ئەپۋە قىلىپ سەيقىل⑨قىل ئالۇدەغۇبار.
ئى زىيايى ئاقىل ئىرسەڭ قىل بۇلارنىڭ ھۇرمەتىن،
بەئىدەزان ھەق رەھمىتىدىن بولغۇسى ئۇمىدۋار.

ۋەسەللەللاھۇ تائالا ئالا خەيرى خەلقىھى مۇھەممەدىن
ۋە ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن، بىرەھمەتىكە يائەر
ھەمەر راھىمىن.⑩

① ھەيدەر كەررار — غەيرەتلىك، يولۋاستەك.
② راجى — ئۈمىد.
③ روزىشەپ—كېچە - كۈندۈز.
④ گەرچە — يىغلاش.
⑤ بائىتىبار — ئېتىبارلىق.
⑥ ئەييام—كۈنلەر.
⑦ باران—يامغۇر.
⑧ يازۇق — گۇناھ.
⑨ سەيقىل— ئېنىز.
⑩ ئاللاتائالا ھەممە مەخلۇقنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بالا - چاقا، ئەۋلادىغا، بارلىق ساھابىلىرىغا رەھمەت قىلسۇن. ئەي رەھمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى رەھمەت قىلغۇچىسى ئاللا، سېنىڭ رەھمىتىڭ ئۇلارغا يەتسۇن.

# خاتىمە

## (ئىسمامىلار ۋەقەسى)

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن، ۋەل ئاقىبەتۇل مۇتتەقىن، ئەسسالاتۇ ۋەسسەلامۇ ئالا رەسۇلىھى مۇھەممەدىن ۋە ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن①

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر ناھايىتى چىرايلىق، خۇش سۆھبەت سۆزلەر بىلەن شۇنداق خەۋەر قىلىدۇكى: ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى تاۋازۇ بىلەن ئىمامغا:

— ئەي پادىشاھ ئالىي جانابلار. قەشقەر دېگەن زېمىن پۈتۈنلەي كۇپپار ئىدى، سىلەردەك پادىشاھى ئىسلام ئالەمى پانالىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۇ يەر فەتھى بول-

---

① جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللانىڭ ياخشىلىقىغا شۈكۈر ئېيتىمەن. ئاللا ئۆزىدىن قورقۇچىلارنى ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. بارلىق دۇئا ۋە دۇرۇدلىرىمىز ساۋابى ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا بولسۇن.

مىسا، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق فەتھى بولىدۇ؟ ئەگەر
رۇخسەت بولسا، مەن بىر مۇنچە لەشكەر ئېلىپ بارسام،
ئىنشائاللا① ئاللانىڭ ئىنايىتى بولسا، فەتھى قىلىپ
ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا كەلسەم، — دەپ ئىلتى-
ماس قىلدى. ھەزرىتى ئىمام ناسىردىن ئۆمىرالىرى
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غا-
زى پادىشاھىمىزغا لەشكەر توپلاپ بەردى. ھەزرىتى يۈ-
سۈپ قادىرخان غازى لەشكەرلەرنى باشلاپ يولغا راۋا-
نە بولدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە كەلدى.
قەشقەر خەلقى بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.
ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى شەھەرگە كىرمەي تۇ-
رۇپ، قەشقەر خەلقىگە نامە كىرگۈزدى. نامە مەزمۇنى
مۇنداق ئىدى: «خۇدانىڭ نامى بىلەن مۇراجىئەت قى-
لىمەن، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ئۇ دۇنيا ۋە بۇدۇن-
يالىق ئۈچۈن، مەن يۈسۈپ قادىرخان غازى ھەزرىتى
ئىمام ناسىردىن باشلىق تۆت ئىمامنىڭ رۇخستى
بىلەن مادايىن شەھىرىدىن قەشقەر زېمىنىنى فەتھى
قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئەگەر ئىمان كەلتۈرسەڭلەر
ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ئەنبىيا - ئەۋلىيالار رىزا
بولىدۇ. ئەگەر ئىمان كەلتۈرمىسەڭلەر نۇسرەت شەمشىرىم
بىلەن مۇسۇلمان قىلىمەن»
قەشقەر خەلقى بۇ نامىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەم-
كىن بولغان ھالدا: «بۇنىڭغا نېمە ئىلاج بار. ئەگەر ئى-

① ئىنشائاللا — خۇدا خالىسا.

ئىمان كەلتۈرمىسەڭ شەھەر خاراب بولىدۇ، ئىمان كەلتۈرمىسەڭ ئاخىر نىمە بولاركىن» دەپ ئەندىشە قىلىشتى. كېڭىشىپ مەسلىھەتلەرى بىر يەرگە توختىغاندىن كېيىن: «ئەجداد - نەسلىنى بايان قىلسا، ئىمان كەلتۈرىمىز» دەپ ئەلچى چىقاردى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ قەشقەر ئەلچىلىرى ئېلىپ چىققان نامىنى كۆرۈپ «ئۇلار زەرەر يەتكۈزمىسەكمۇ، ئىمان كەلتۈرىدىكەن» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ھەزرىتى ئىماملىرىمىغا: «ئەي پادىشاھ بۇزرۇكۋارلار، مەن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر خەلقىگە ئىمان كەلتۈرەمسىلەر، يوقمۇ؟ دەپ نامە كىرگۈزسەم، قەشقەر خالقى «نەسلىنى بايان قىلسا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەپ ئەلچى بىلەن نامە چىقارتىپتۇ، جەڭ قىلىشقا ئارىسالدا بولۇپ قالدىم، سىلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىڭلار بۇ دىيارىمىزغا يەتسە بارچە خەلق زەرەرسىز، جەڭ بولماي مۇسۇلمان بولغۇسى» دېگەن مەزمۇندا نامە ئىبەردى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھەزرىتى ئىماملار ئۇ ۋاقىتتا ئۈچ ئايلىق شىكاردا بولغانلىقتىن، بۇ نامىنى شىكار ئۈستىدە كۆرۈشتى. ھەزرىتى ئىمام ناسىرىددىن:

— ئەي يارانلار! بىزگە قەشقەردىن مەدەت تىلەپ نامە كېلىپتۇ. بىز ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن رەسۇلۇللانىڭ ئالتۇن تۇغىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىدۇق. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئىسلام يولىدا جان پىدا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مىڭ جېنىمىز بولسا ھەممىسى ئىسلام ئۈچۈن پىدا

بولسۇن. بىز ھەرگىز بۇ يولدىن يانمايمىز. قىيامەت كۈ-
نى ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئال-
دىدا شەرمەندە بولمىغايمىز، — دەپ شىكار پائالىيىتىنى
توختاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىماملارنىڭ مېھرى - مۇھەب-
بەتلىرى قايناپ تېشىپ:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مۇنداق بولسا ھەممىڭلار
ئامىن دەڭلار. بىر دۇئا قىلايلى، — دېدى ۋە تۆت
ئىمام يالاڭباش بولۇپ، يۈزلىرىنى ئۇدۇل قىبلىگە قى-
لىپ دۇئا قىلدى. ھەممە مۇسۇلمانلار «ئامىن!» دېدى.
شۇ زامان ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولدى. ئۇلار
ئۈستۈن بېقىپ ئەرشنى، گۈزەل جەننەتنى كۆرۈپ،
زەبەردەست ئەۋلىيالاردىن بولدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئىماملار خالايىقنى لەشكەر بو-
لۇشقا چاقىرىق قىلغان ئىدى، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر
يىغىلدى، بۇ ھالنى كۆرگەن ئىماملار:

— بۇ خەلقىنىڭ ھەر بىرى بىر تالدىن نوقۇت ئې-
لىپ كەلسۇن، — دەپ يارلىق قىلدى. ئۇن كىشىدىن بىر
كىشى ئېلىپ كەلگەن بىر تالدىن نوقۇتنى جەم قىلىپ
تارتىپ باققان ئىدى، بىر چارەك چىقتى. شۇنىڭغا قا-
راپ «يىغىلغان لەشكەر بىر يۈز قىرىق مىڭ ئىكەن»
دەپ مۆلچەرلەشتى. ھەزرىتى ئىماملار:

— لەشكەرلەر ئىنتايىن كۆپ كېلىپتۇ، بۇنىڭ ئى-
چىدە ئۆز مەيلى بىلەن كەلگەنلەرمۇ، سىياسەتنىڭ زو-
رى بىلەن كەلگەنلەرمۇ بار. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئېتىقادى مەلۇم بولدى. بارلىق لەشكەرلەر يانسۇن.

بۇنچە مۇسۇلمانلارنى جەم قىلىپ تۇرۇشىمىز خوپ ئەمەس، بىزگە خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بولسا، جەددىمىزنىڭ مەددىتى ۋە ئۆز نەۋكەرلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام ئاچالايمىز، — دەپ يارلىق قىلدى. بىراق لەشكەرلىككە كەلگەن ھەممە خەلق بۇ يارلىقنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ:

— ئەي پادىشاھ بۇزرۇكۋارىمىز، بىز بولساق مىراس، — دەپ ئېيتىشتى. ئىماملار:

— ئەزبىرايى خۇدا، كۇپپارلارنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بارىمىز، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەۋزەئى مۇبارەك تەرەپكە راۋانە بولدى. رەۋزەئى مۇبارەكنى زىيارەت قىلىپ، تەۋەججۇ بىلەن تىكىلگەندىن كېيىن: «قەشقەر زېمىنىنى فەتھى قىلىنسىلەر، قەشقەر زېمىنىدە شاھادەت شەربىتىنى ئىچىسىلەر» دېگەن بىشارەت بولدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ زوق - شوقى تاشقان ھالدا ئەھلى بەيتلەرگە ۋە پادىشاھلىق سەلتەنەت بارگاھىدىكىلەرگە «ئارقىمىزدىن تېز يېتىڭ» دەپ كىشى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى يولغا راۋانە بولدى. ناھايىتى تېز يۈرۈپ بىر نەچچە كۈندە ئەنجان تېغىغا كېلىپ چۈشتى. لەشكەرلەرنى ھېسابلاپ كۆرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى ھەزرىتى ئىماملارغا نامەنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى كېلەرمىكىن ياكى كەلمەسمىكىن دەپ يولىغا قاراپ كۆز ساناپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئەنجان يولى تەرەپتىن

توپا ـ توزان كۆتۈرۈلدى. توپا ـ توزان ئارىسىدىن تۇغ-
ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مىڭ كىشى بىلەن شەھ-
سىۋار يېتىپ كەلگەن ئىدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان
غازى پېشكەشلەر بىلەن دەرھال ئالدىغا باردى. ئىسپە-
ھان ئارغىمىقىنى مىنىپ، مىسىرنىڭ ھەيۋەتلىك شەمشە-
رىنى ئاسقان قىزىل كىمخاپ چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كەمەر
باغلاپ، بېشىغا تاج كىيىپ، جاۋان ـ مەردلىك ۋە شىـ
جائەت بىلەن تەنھا قەشقەرنى فەتىھى قىلغۇدەك ھەيـ
ۋەتتە يېتىپ كەلگەن بۇ كىشى ئوشلۇق ھەزرىتى شاھ
قاسىم ئىدى. بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ھەزرىتى يۈ-
سۈپ قادىرخان غازىغا قاراڭغۇ جاھان يورۇغاندەك
بولدى. كەلگەن كىشى ئاتتىن چۈشۈپ:
ـ ئەي قېرىنداشلار، ھارمىغايسىلەر، ـ دەپ كۆرۈش-
تى. ئاندىن ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى سورىدى:
ـ قاياقتىن كېلىۋاتىلا؟ ھەزرىتى ئىماملار قەيەردە
قالدى؟
بۇ كەلگەن ئادەم ـ ئوشلۇق ھەزرىتى شاھ قاسىم
ئىدى، ئۇ:
ـ ھەزرىتى ئىماملار ئەنجان تېغىدا كېلىۋاتىپ
چۈشتى. ئۇلار مېنى ئاۋۋال بېرىپ ھەزرەتلىرىگە
«ئىماملار كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئېيتقىلى
ئەۋەتتى، ـ دېدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى
بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئوشلۇق ھەزرىتى
شاھ قاسىمنى ئۆز مەنزىلىگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن
شادىيانە چالغۇزۇپ ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا

تەييارلاندى.

ئەندىجان يولى تەرەپتىن يەنە توپا-توزان كۆتۈرۈلۈپ، تۇغ-ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت ئاق پەركالە ئەلەم ئالاھىدە زاھىر بولۇپ تۆت مىڭ كىشىدىن نىشان بېرىپ تۇراتتى. بۇ لەشكەرلەرگە ئۇشلۇق سۇلتان مەنسۇر، خوجا سەئىدى، خوجا ئەخمەت خوجا ئەزىزلەر سەردار بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىسپىھان ئارغىمىقىنى مىنىپ، مىسران شەمشەرلىرىنى ئاسقان بۇ سەردارلار جان-جانانلارغا مەردانىلىق كىرگۈزۈپ، تۇغ ئەلەملەرگە جىلۋە بېرىپ تۇراتتى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى دەرھال بېرىپ ئۇلار بىلەن تىزدىن كۆرۈشتى ۋە ئۇلاردىن مېھرىبانلىق بىلەن سەممىي ھال-دۇق سورىدى. بۇلار ھەزرىتى ئىماملارنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي يۇسۇپ قادىرخان غازى، ئىماملار: «بىز بارغۇچە لەشكەرلەرنى جابىجا قىلىپ تۇرسۇن» دېدى.

ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى تازىم بىجا كەلتۈردى ۋە لەشكەرلەرنى جابىجا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ، چاچكا ۋاقتى بولغاندا، يەنە توپا-توزان كۆتۈرۈلۈپ، تۇغ-ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ، ئىسپىھان ئارغىمىقىنى مىنىپ، تىغ ۋە خەنجەرلەرنى ئېسىشىپ پالۋانلىق قىياپەت بىلەن گاھ مەست، گاھ ھوشيار بولۇپ

كېلىۋاتقان ھەزرىتى سەنجەر كاسانى، ھەزرىتى ئىسما-
يىل كاسانى، ھەزرىتى سۇلتان ھەيدەر كاسانى، ھەزرە-
تى ياقۇپ كاسانى، ھەزرىتى سۇلايمان كاسانى قاتارلىق
توققۇز سەردار — توققۇز مىڭ لەشكەردىن نىشان بېرىپ
تۇراتتى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى بۇلارنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەم-
مەيلەندىن ھاردۇق سورىدى. ئاندىن بۇلارنى شەھەر-
نىڭ بىر تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ كۈنىمۇ كۈن كەچ
بولدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ چاچقا ۋاقتى بولغاندا، ئەندجان
يولى تەرەپتىن يەنە توپا - توزان كۆتۈرۈلۈپ ئۇن
ئىككى ئەلەم زاھىر بولدى. بۇ يىگىرمە ئىككى مىڭ
كىشىدىن نىشان بېرىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ سەردارى
ھەزرىتى سۇلتان ئەبۇل مۇزەپپەر خارەزمى، ھەزرىتى سۇلتان
ئەبۇل زەپەر خارەزمى، ھەزرىتى سۇلتان قاسىم خارەزمى، ھەزرىتى
سۇلتان ھاشىم خارەزمى، ھەزرىتى سۇلتان خوجا ئەزىم خارەز-
مى، ھەزرىتى خوجا ئىبراھىم خارەزمى، ھەزرىتى خوجە جەئپەر
خارەزمى، ھەزرىتى خوجا كوچىكى خارەزمى، ھەزرىتى
خوجا شەھباز خارەزمىلەر ئىدى. شاھانە كىيىملەرنى
كىيىشىپ، ئىسپىھان ئارغىماقلىرىنى مىنىشىپ، شىر سۈ-
پەت بولۇپ يېتىپ كەلگەن بۇ سەردارلارنىڭ ئەلپازى-
دىن شىجائەت يېغىپ تۇراتتى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىر-
خان غازى بۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ھاردۇق سوراشتى.
ئاندىن ئۇلارنى شەھەرنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇردى.
ئەتىسى تاڭ ئېتىپ چاچقا ۋاقتى بولدى. يەنە
توپا — توزان كۆتۈرۈلۈپ توغ ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە

باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 26 ئەلەم يىگىرمە ئالتەمىڭ لەشكەردىن نىشان بېرىپ تۇراتتى. بۇلارغا ھەزرىتى شەيخ جالالىدىن باغدادى باش، ئارقىسىدا سۇلتان ئالاۋۇدىن باغدادى، سۇلتان شەمشىدىن باغدادى، سۇلتان مەھمۇدى باغدادى، سۇلتان ھەسەن باغدادى، خوجا مۇھەممەت تاھىر باغدادى، خوجا ناسىر باغدادى، خوجا ئابدۇرەھىم باغدادى، خوجا ئابدۇلغوپۇر باغدادى قاتارلىقلار سەردار بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بەگلەر، ئاخۇنلار، قازىلار ۋە ئۇمرالارنى ئالدىدا، تاللانغان ياخشى يىگىتلەرنى، ئوڭ ۋە سول يانلىرىدا ماڭغۇزۇپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيىشىپ، ئىسپىھان ئارغىماقلىرىنى مىنىشىپ، يەر ۋە كۆكنى تىترەتكۈدەك ھەيۋەت، شىجائەت بىلەن كېلىشكەن ئىدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى بۇ ھەيۋەتنى كۆرۈپ «ئىسمائىلار شۇلار بولسا كېرەك» دەپ جەزمى قىلىپ ئالدىغا پىيادە يۈگۈرۈپ چىقتى. بىراق بۇلار ھەزرىتى سۇلتان شەيخ جالالىدىن باشلىق سۇلتان ۋە خوجىلار بولۇپ چىقتى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى يۈزمىڭ ئاۋازى بىلەن سالام قىلدى. ھەزرىتى سۇلتان شەيخ جالالىدىن باغدادى سالام قايتۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي يۈسۈپ قادىرخان غازى ھالىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى تازىم بىجاكەلتۈرۈپ:

— ئەلھەمدۇلىللا، سىزنىڭ مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان شەيخ جالالىدىن باغدادى:

— بىز قايسى تەرەپكە چۈشىمىز؟ — دەپ

سورىغان ئىدى، ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى شەھەرنىڭ بىر چېتىگە باشلاپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى. كۈن كەچ بولدى. ئەتىسى تاڭ ئاتتى. شەھەر خەلقى بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

— لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندىمۇ ياكى كېلىپ بولالمىغاندىمۇ؟ بۇنچە كۆپ لەشكەرلەردىن جاننى سالامەت قۇتقۇزالدۇرماقنىڭ ئۆزى مۈشكۈلدۇر، ئەڭ ياخشىسى ئىمان كەلتۈرمەكتىن باشقا چارە يوقتۇر، — دېيىشىپ تۇراتتى، چاچكا ۋاقتى بىلەن يەنە توپا - توزان كۆتۈرۈلدى. توپا - توزان ئارىسىدىن قىرىق مىڭ لەشكەرگە نىشان بولغان ھالدا 25 ئەلەم زاھىر بولدى. بۇ ئىراق تايچاق، ئارغىماقلىرىنى مىنىشىپ، رەڭمۇ رەڭ سەرۇپاي ۋە شاھلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بەللىرىگە ئالتۇن كەمەرلەرنى باغلاپ ھەيۋەت بىلەن كەلگەنلەر جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى، كۇپپارلارنىڭ قاتىلى، ساھىبجامال پادىشاھ ھەزرىتى ئىمام ناسىرىددىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام زوھورىددىن، ئىمام قەۋەمىددىنلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىرىق موللا، سول تەرىپىدە بولسا قىرىق موللا ئىسمى ئەزەم ئوقۇپ كېلەتتى، ئارقىسىدا بولسا باشقا شاھزادىلەر يەر - زېمىننى لەرزىگە سالغۇدەك ھەيۋەت، شىجائەت بىلەن كېلەتتى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى ئىماملارنى كۆرگەندىن كېيىن قەشقەر خەلقىغە قاراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەي قەشقەر خەلقى ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، ھازىر بارچە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىرى يېتىپ كەل-

دى، سىلەر پىشىۋاز بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئىمان كەل-
تۈرمىسەڭلەر ھەممىڭلار جىنىڭلاردىن جۇدا بولىسىلار،
مەندىن رەنجىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئالدىن خەۋەر
بەردىم، — جاكا ئەيلەپ ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئالدىغا
راۋانە بولدى. ھەزرىتى ئىماملارنى يىراقتىن كۆرۈپلا
ئاتتىن ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا پىيادە بېرىپ
ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، يۈزىنىڭ تەۋازۇ بىلەن سالام قىلدى.
ھەزرىتى ئىماملار سالامنى ئىلىك ئېلىپ سورىدى:
— ئەي يۈسۈپ قادىرخان ئەھۋالىڭىز قانداق؟
سالامەت بارمۇ سىز؟
ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان:
— ئەلھەمدۇلىللا، ھەر ئىش بولسا سىلەرنى كۆ-
رۈپ، جامالىڭلارغا مۇشەررەپ بولدۇم، كۆڭلۈمدە ھېچ
نەرسىدىن ئەسەر قالمىدى، — دەپ تازىم بىجا كەلتۈر-
دى. ئۇنىڭغىچە قەشقەرنىڭ ھەممە چوڭ - كىچىك ئۇ-
لۇغلىرى جەم بولۇپ، بويۇنلىرىغا ساغداقلىرىنى ئاسقان
ھالدا ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، يۈز
مىڭ خىجالەت بىلەن سالام بەردى. ئىماملار ئۇلارنىڭ
سالاملىرىنى ئىلىك ئالمىغان ھالدا:
— بۇلار مۇسۇلمانمۇ، قانداق؟ — دەپ سوراش-
تى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى:
— بۇ قەشقەر خەلقى ھەزرىتىلىرىنى كۆرۈپ ئىمان
ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىلى كېلىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەر-
دى. ھەزرىتى ئىماملار يۈسۈپ قادىرخان غازىغا قاراپ:
— ئەي يۈسۈپ قادىرخان، بۇلاردىن سوراپ بې-

قىلىڭ، بۇلار ئۆز مەيلى بىلەن ئىمان ئېيتامدىكىن ياكى سىياسەت بىلەن ئېيتامدىكىن؟— دېدى. ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى بولسا قەشقەر خەلقىگە قاراپ:

— ئەي قەشقەر خەلقى نېمە دەيسىلەر؟— دەپ سورىغان ئىدى، قەشقەر خەلقى:

— بىز مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، بىراق نەسىل - ئەۋلادىنى ئۆيلىشىپ قالغان ئىدۇق، ئەلھەمدۇ-لىللا، ئەمدى مۇرادىمىز ھاسىل بولدى، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولمايمىز — دەپ ئېيتتى. ھەزرىتى ئىماملار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئىمان بايان قىلدى. بارچە خەلق ئىماملارغا ئەگىشىپ: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دەپ ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئىماملار دۇئا قىلدى. بارچە خەلق «ئامىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇق غايىب بولدى. ھەزرىتى ئىماملار ئۇلارنى مۇبارەكلەپ شەھەرگە ياندۇردى. قەشقەر خەلقى نەچچە كۈن ھەزرىتى ئىماملارنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ھەزرىتى ئىماملار يۇسۇپ قادىرخان غازىنى قەشقەرنىڭ پادىشاھلىقىغا بەلگىلەپ:

— ئەي يۇسۇپ قادىرخان، بىز ئانداغلا يەردە شاھادەت تاپساق، جەسىتىمىز تۇزدە قالمىسۇن، چىراغ، قازىنىمىزغا ۋەخپە تەيىنلەپ، بىزنىڭ ھەققىمىزدە دۇئا تەكبىر قىلغۇدەك خىزمەتكارلارنى قويغايسىز، — دەپ ۋەسىيەت قىلغاندىن كېيىن، يەكەن تەرەپكە قاراپ راۋانە بولدى. ئۇلار يەكەنگە يېتىپ بېرىپ نەچچە يۈز كىشى-نىڭ يەرنى كولاپ ئۆي قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

بۇ خەلقلەر ھەزرىتى ئىماملارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پىشكەشلەر بىلەن ئالدىغا چىقتى. ھەزرىتى ئىماملار ئىمان ئەرز قىلغان ئىدى، ھەممەيلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئىماملار يالاڭباش بولۇپ:

— قەشقەرزېمىننىڭ پايتەختى مۇشۇ يەر بولسۇن، — دەپ دۇئا قىلىشتى، ئاندىن خەيرلىشىپ چىن ماچىنغا قاراپ راۋانە بولدى. يول ئۈستىدە بىر نەچچە كىشى ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، بەزىلىرى قېچىپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا گۇمان تۇغۇلۇپ ھەزرىتى مۇھەممەد شاكىرنى ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. بىر قۇملۇقنىڭ ئارىسىدا جوقتى رەشىد، نوكتى رەشىدلەرنىڭ قاراۋۇللۇققا قويغان بەش يۈز قاراقچىسى بار ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت شاكىرنىڭ خەۋەرسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز چىقىپ جەڭ قىلىپ، ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت شاكىرنى شېھىت قىلدى. ھەزرىتى ئىماملار بىلەن بىللە كەلگەن لەشكەرلەر قاراۋۇل قاراقچىلارنى قورشاپ يوقاتتى، لېكىن بىر قاراقچى قېچىپ بېرىپ جوقتى رەشىد، نوكتى رەشىدلارغا:

— بىر مۇنچە لەشكەرلەر كېلىپ ئاجايىپ قاتتىق جەڭ قىلىپ، قاراۋۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. مەن ئاران قېچىپ كەلدىم. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇبارىزچى پالىۋانلاردەك قىلىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. جوقتى رەشىد، نوكتى رەشىدلارغا بۇ يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ئەتراپقا تىڭ - تىڭلاشقا كىشىلەرنى

بۇيرۇپ، ئۆزلىرى شەھەرگە مەھكەم بېكىندى.

ھەزرىتى ئىماملار مۇھەممەت شاكىر پادىشاھنى شۇ قۇمغا دەپنە قىلىپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن چىن ماچىنغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ شەھەر ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. كاپىرلار بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. جونتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەرنىڭ قىرىق بىر سېھىرگەر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلار جوقتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەرنىڭ پەرىشانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈنچە بىتاقەت بولىسىز؟ ئۇلار بۇ شەھەرنى كۆرسە ئالامدۇ ياكى كۆرمەسمۇ ئالالامدۇ؟ — دېدى.

جونتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەر ئۇ سېھىرگەر ۋەزىرلەردىن:

— بۇ قانداق گەپ؟ شەھەر مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. سېھىرگەر ۋەزىرلەر:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ لەشكەرلەر بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ، بىز ئۇلاردىن بۇ شەھەرنى ئۆز سېھىرگەرلىكىمىز بىلەن يوشۇرالايمىز، — دەپ ئەھدە قىلىشتى. جوقتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەر بۇنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ، سېھىرگەر ۋەزىرلەرگە تازىم بىجا كەلتۈردى. قالغان كاپىرلار بولسا خۇشاللىقىدىن شادىيانە چېلىشتى.

تاڭ ئاتتى. ھەزرىتى ئىماملار نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن: «بۇ كاپىرلارنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتەيلى، مۇسۇلمان بولامدۇ — يوق؟ مۇسۇلمان بولسا بىھۇدە قان تۆكمەك خوپ ئەمەس، مۇسۇلمان بولمىسا جەڭ قى-

لايلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئاندىن شۇ زامان بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا: «بۇ كەلگەنلەر ھەزرىتى مۇھەممەت رەسۇلۇللانىڭ ئەۋلادىدۇر، مۇبارەك ئىسىم - شەرىپلىرى ئىمام ناسىردىن، ئىمام مۇئىدىن، ئىمام زوھورىدىن، ئىمام قەۋمىدىن بولىدۇ. بۇلار يۈز- مىڭ ئىسلام لەشكىرى بىلەن چىن ماچىننى فەتىھ قىلغىلى ماۋەرئۇننەھرىدىن① كەلدى. بارچە كاپىرلار ساغدا قىلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ ئىمان كەلتۈرسۇن. ئەگەر ئىمان كەلتۈرمىسە جوقتى رېشىد، نوكتى رېشىد باشلىق ھەممە كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇششاقلىرىنى ئەسىر قىلىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىمىز دەيدۇ دېگىن، — دېيىشتى.

بۇ كىشى كاپىرلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ بىر بايان قىلدى. كاپىرلار بۇنى ئاڭلىغاندا خۇددى يورۇق جاھان قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. كاپىرلار: «بىزلەر ھەرگىز دىنىمىزدىن يانمايمىز، جەڭ قىلايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ تۇراتتى، يەنە بىر سېھىرگەر ۋەزىر كىرىپ:

— ئەي پادىشاھ، نېمە ۋەقە بولدى؟ سىلەر نېمىگە غەم قىلىپ ئولتۇرۇسىلەر؟ — دەپ سورىدى. جوقتى رېشىد:

— ئەي ۋەزىر، بۇ كەلگەن لەشكەرلەردىن ئەلچى كېلىپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ — دېدى. سېھىرگەر ۋەزىر ئۇنىڭغا:

---

① بەزى قوليازمىدا «ماداينىدىن» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

— بەرىبىر ئۆلىمىز. ھەرگىز ئۇلارنىڭ دىمىغا كىر-ھەيمىز، ئەلچىنى سىپىلدىن چۈشۈرۈپ قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. مېنىڭ قىزىق بىر شاگىرتىم پاتقۇدەك بىر چىدىر تېپىڭلار، بۇ ئىشنىڭ ئۆلىچىسىنى مەن قىلاي، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار شۇ زامان ئەلچىنى سىپىلدىن چۈشۈرۈپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇردا پاسوندا بىر يېشىل ئۆي تەييار قىلىندى. شامانان باشلىق 40 سېھىرگەر سېھىر قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەلچى يېنىپ كېلىپ كاپىرلارنىڭ سۆزىنى بىرمۇ بىر بايان قىلدى. ھەزرىتى ئۆلىمالار دەرغەزەپ بولۇپ ئۇشلۇق ھەزرىتى سۇلتان شاھ قاسىمغا:

— سىز بېرىپ ئۇلارغا ئېيتىڭ، شەيخ جالالىددىن باغدادى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىن جەڭگە كىرسۇن، سۇلتان ئەبۇل مۇزەپپەر خارەزمى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن جەڭگە كىرسۇن. سۇلتان سانجار كاسانى بولسا ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن جەڭگە كىرسۇن — دېدى. شەيخ جالالىددىن باغدادى، سۇلتان ئەبۇل مۇزەپپەر خارەزمى، سۇلتان سانجار كاسانى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى جارۇپ يەمەنى باشلىق تۆت مىڭ تۆت يۈز يار - بۇرادەرلەر شاھانە تونلارنى كىيىپ، جەڭ ئەسلىھەلىرىنى ئاۋاپ، شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ، لەشكەرلىرىگە ناغرا - كانايلىرىنى چالدۇرۇپ. ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ ھەيۋەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا شەھەر بىردىنلا غايىب بولدى. ھەزرىتى ئىماملار سېھىرچى كاپىرلارنىڭ سېھىر قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئىلاھ دەرگاھىغا تەۋەججۇ قىلدى. بۇ چاغدا شەھەر يەنە ئاشكارا بولدى. لەشكەرلەر تەرەپ-تەرەپتىن ئات سېلىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى، شەھەر يەنە غايىب بولدى. ھەزرىتى ئىماملار يەنە تەۋەججۇ قىلدى، شەھەر يەنە ئاشكارا بولدى. لەشكەرلەر ناغرا-سۇنايلىرىنى چېلىشىپ ھەيۋەت بىلەن ئات سېلىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى، شەھەر يەنە غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، مۇشۇ تەرىقىدە ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتتى. ئاقىۋەت جوقتى رىشىد، نوكتى رىشىدلەر بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. خوجا جاۋاھىرلار ئەزتىراپ بىلەن شەھەرگە كىردى. شەھەر ئىچىدە ئادەم ناھايىتى ئاز قالغان ئىدى. ئۇلار كېتىۋاتقان بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ سورىدى:

— بۇ ۋاقىتقىچە نېمە ئۈچۈن شەھەر كۆرۈنمىدى؟ قانداق قىلغاندا شەھەر غايىب بولمايدۇ؟

ئۇ كاپىر مۇنداق دېدى:

— ئەي شاھزادىلەر، كاپىرلار سېھىر قىلىپ بۇ شەھەرنى غايىب قىلىۋەتكەن، جوقتى رىشىد، نوكتى رىشىد ئۆز خەلقى بىلەن قاچتى، سېھىرگەرلەر قالمىدى. ئەمدى بۇ شەھەر غايىب بولمايدۇ.

ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر كېسەل ئاجىزەسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق لەشكەرلەر ئۇنى قويۇۋەتمەستىن

ئۇماملارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇماملار:

— ئەي كاپىر، ئىمان ئېيتقىن! — دېدى. ئۇ كاپىر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن ئۇ كىشىدىن:

— جوقتى رىشىد، نوكتى رىشىدلەر قانچە كىشى بىلەن قاچتى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئۇنىڭغا قاراشلىق ئون ئىككى مىڭ كىشى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قاچقاندۇر، — دېدى. ھەزرىتى ئۇماملار:

— شەھەردە يەنە قانچىلىك كىشى بار؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— يەنە شۇنچىلىك كىشى قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۇماملار:

— شەھەردە قالغان خەلقلەر مۇسۇلمان بولامدۇ ياكى بىز بىلەن جەڭ قىلامدۇ، — دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ كىشى:

— مەن بىلمەيمەن، — دېدى. ھەزرىتى ئۇماملار:

— شەھەر خەلقىنىڭ باشچىسى كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— چىنگالۇخالخال، ئۇ ناھايىتى مۇبارىزچى كاپىر — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئۇماملار:

— شەھەرگە بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزەيلى، ئۇلاردىن قانداق گەپ چىقىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلايلى! — دېدى. قەيتۇس مەغرىبى دېگەن بىر مۇبارىزچى بار ئىدى، ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بو-

لۇشتى. قەيتۇس مەغرىبى:

— مەن شەھەرگە كىرىپ كاپىرلارنى ئىمانغا دالالەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بولسا ياخشى، ئەگەر مۇسۇلمان بولۇشنى خالىمىسا جەڭ قىلىمەن، شۇنىڭدىن بىلىڭلار! — دەپ ھېلىقى كىشىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىشى قەيتۇس مەغرىبىنى چىگالۇ خالخال ماچىننىڭ ئوردىسىغا باشلاپ كىردى. چىگالۇ خالخال بۇلارنى كۆرۈپ:

— قاياقتىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى، قەيتۇس مەغرىبى:

— پادىشاھ سۆھبەت ئىقلىمگەرنىڭ قېشىدىن ئەلچىلىككە كەلدىم. ئۇلار ماڭا: «چىگالۇ خالخال ماچىن ھەممە پۇقرالىرى بىلەن چىقىپ ئىمان كەلتۈرسۇن، بولمىسا قاتتىق باغلاپ چىق» دەپ ئېيتتى، شۇڭا كىردىم، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چىگالۇ خالخالنىڭ كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئۇ:

— بۇ تەلۋىنى تۇتۇڭلار! — دەپ پەرياد قىلدى. شۇ زامان چىگالۇ خالخالنىڭ ئۈچ يۈز پالۋانى ھازىر بولدى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن قول ئۇزىتىشقا باشلىغان ئىدى، قەيتۇس مەغرىبى قولىغا خەنجىرنى ئېلىپ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ھەر كىم بىلسە بىلسۇن، بىلمىسە مەندۇرمەن قەيتۇس مەغرىبى، پەدەرىم ھەزرىتى ئىمام ناسىرىددىن، ھەزرىتى ئىمام قەۋمىدىن، — دەپ نەرە تارتىپ، كاپىرلارغا ئۆزىنى شۇنداق ئۇردىكى، بىر يولى يەتتە پالۋاننى جېنىدىن جۇدا قىلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ چىگالۇ خالخالنىڭ كۆزىگە يورۇق

جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئۇ يەنە:

— بۇ تەلۋىنى تۇت! — دەپ ۋارقىرىدى. تەرەپ - تەرەپتىن كاپىرلار كېلىپ قورشاۋغا ئالغان بولسىمۇ، بىراق قەيتۇس مەغرىبىنى تۇتالمىدى. قەيتۇس مەغرىبى چىنگالۇ خالخال ماچىننىڭ پالۋاننىڭ قولىدىن يەنە بىر شەھەرنى تارتىۋېلىپ، ئىككى قولىغا ئىككى شەمشەرنى ئېلىپ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ھەزرىتى ئىماملارغا جېنىم پىدا بولسۇن، كىم بىلسە بىلسۇن، بىلمىسە مەندۇرمەن قەيتۇس مەغرىبى. بىز ئۆلسەك جايىمىز بېھىشت، سىلەر ئۆلسەڭلەر ئورنۇڭلار دوزاخ، — دەپ نەرە تارتىپ، يەككە يىگانە ھالدا ئۆزىنى كاپىر لەشكەرلەرگە ئۇرۇپ نەچچە كاپىرنى جەھەننەمگە يولغا سالدى.

بۇ خەۋەر ھەزرىتى ئىماملارغا يېتىپ باردى. ھەزرىتى ئىماملار ھەزرىتى شاھ قاسىمنى قەيتۇس مەغرىبكە ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. شاھ قاسىم مىڭ يەتتە يۈز مۇبارىزچى پالۋانلار بىلەن شەھەرگە يەتتى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن دەرۋازىلارنى چېقىپ پارە - پارە قىلىپ شەھەر ئىچىگە كىردى. شەھەر ئىچىدىن مەغلۇبىيەتنىڭ ساداسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار چىنگالۇ خالخال ماچىننىڭ ئۈچ يۈز پالۋانى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ھەممىنى دوزاخقا ئەۋەتتى. چىنگالۇ خالخال ماچىننىڭ قالغان پالۋانلىرى شەھەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولۇشقا مايىل بولدى.

**ھەزرىتى شاھ قاسىم قەيتۇس مەغرىبكە:**

— لەشكەرلەر [illegible]ۋەر قىلمىسۇن، ئاۋامنى تىرىلدۈرمەك مۈشكۈل، ئۆلتۈرمەك ئاسان، ئۇلار قاچان بولمىسۇن مۇسۇلمان بولغۇسى، مۇسۇلمان بولمىسا يەنە چەك قىلارمىز؟ — دەپ ئېيتتى. شۇ زامان ناغرا ـ سۇنايلار چېلىندى. ھەزرىتى شاھ قاسىم باشلىق ھەممە مۇبارىزچى پالۋانلار ھەزرىتى ئىماملارنىڭ بارگاھلىرىغا يېنىپ كەلدى. ھەزرىتى ئىماملار ھەزرىتى شاھ قاسىمدىن:

— قانچە كىشى شېھىت بولدى؟ كاپىرلاردىن قانچىسى ئۆلدى؟ — دەپ سورىدى. سۇلتان شاھ قاسىم:

— بىزدىن ئىككى يۈز يىگىرمىسى شېھىت بولدى. كاپىرلاردىن بەش يۈز ئاتمىشى جەھەننەمگە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار شۇ سۆزلەرنى قىلىشىپ تۇراتتى، چىڭگالۇ خالخال ماچىن شەھەر خەلقى بىلەن ساغداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئىماملار چىڭگالۇ خالخالنى ماچىن شەھىرىگە پادىشاھ قىلىپ، ھەممە خەلقنى ياندۇردى. ئەتىسى ناماز بامداتتىن پارىغ بولغاندا، چىڭگالۇ خالخال بارلىق يارانلىرى بىلەن ئىنتايىن كۆپ پىشكەشلەر ئېلىپ كېلىپ ھەزرىتى ئىماملارغا ھەدىيە قىلدى. ئاندىن:

— ئەي پادىشاھىم، ئۇجات دېگەن بىر بۆلەك خەلق بار. ئۇلار تىلىدا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما دىلىدا جاسۇسلۇق قىلىپ قاچقان كاپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن خەت ئەۋەتتى، — دەپ ئەرز قىلدى. ھەزرىتى ئىماملار شۇ خائىن كاپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

كەتتى. ئىماملار نەچچە مەنزىللەرنى قىدىرىپ، ئاخىر بويىنغا تۇكلۇك ئەسكى چورۇقنى ئاسقان بىر كاپىرنى ئۇچراتتى. ھەزرىتى ئىماملار:
— ئەي كاپىر قەيەردىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ كاپىر:
— مەن جوقتى رىشىد، نوكتى رىشىدلەرنىڭ خەلقىدىن بولىمەن. بىراق ئۇلار بىلەن بىللە بارماي مۇشۇ چورۇق ئۈپراپ كەتكۈچە ئۆزۈم يالغۇز يول ماڭىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئىمام:
— بېشىڭنى ئاچ، مەن كۆرەي، — دېدى. ئۇ كاپىر بېشىنى ئاچتى، بېشى يېڭىدىن چۇشۇرۇلگەن ئىدى. ھەزرىتى ئىماملار كاپىرنى تاش بوران قىلدى. ئۇ كاپىر تاش ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.
ھەزرىتى ئىماملار يەنە بىرنەچچە مەنزىلنى باستى. بىر يەرگە بارغاندا بىر قارا كۆرۈندى. ھەزرىتى شاھ قاسىم مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كاپىرلار ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھەزرىتى شاھ قاسىم شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. كاپىرلار بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. ھەزرىتى ئىماملار ئارقىسىدىن قوغلاپ بىر ئېقىن سۇغا يەتتى. كاپىرلار تاشتىن بىر شەھەر ياساپ شۇنىڭغا بېكىنىۋالغان ئىدى. ھەزرىتى ئىماملار نەچچە مەرتىۋە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىراق كار قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە كىرىدىغان سۇنى توسۇۋېتىپ

سۇسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىشتى. بىر جاسۇسنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بۇ شەھەرگە كىرىشنىڭ ئىلاجىنى سورىدى. ئۇ جاسۇس:

— بۇ سۇ دەريا تېگىدىكى لەخمە ئارقىلىق مىس نور بىلەن كىرگۈزۈلگەن. نورنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالماق ئاسان، — دەپ ئېيتتى. شۇ زامان بىر ئالما دەرىخىنى تىكتۈۋىدى، ئۇ كۆكلەپ مېۋىسىمۇ تەييار بولدى. مېۋىدىن بىر نەچچىنى دەرياغا تاشلىدى. مېۋە ئېقىپ بېرىپ بىر يەردە پىرقىراپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن نورنىڭ ئاغزى بەند بولدى. ھەزرىتى ئىماملار بىر نەچچە كۈن جەڭنى توختاتتى.

بىر كېچىسى ھەزرىتى ئىماملارغا بىشارەت بولدى. بىشارەتكە ئاساسەن ئەتىسى سەھەر ۋاقتىدا:

— بىزنىڭ پېشىۋالىرىمىزنىڭ روھى شىمال تەرەپتىن ۋە جەنۇب تەرەپتىن بوي بىرىۋاتىدۇ. ئۇلار كىمەر؟ ئىستەپ بارايلى! — دېيىشىپ جەنۇب تەرەپكە راۋانە بولدى. بىر يەرگە بېرىپ ھەزرىتى ئىمام مەھدى ئاخىر زاماننى تاپتى. ھەزرىتى ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئۇلارغا:

— بۇ ئىشىڭلارغا رەھمەت، بىزنىڭ چىقىشىمىزغا ئىجازەت يوق. مەن تەۋەججۇ قىلۇرمەن، — دەپ خەيرلىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئاندىن ھەزرىتى ئىماملار شىمال تەرەپكە يۈردى. بۇ يەردىن ھەزرىتى ئىمام جەئپەرى تەييارنىڭ مەنزىلىنى تاپتى. ھەزرىتى ئىماملار:

— ئەي بوزورۇكۋار، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئىمام جەئپەرى تەييران:

— مەن ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بايراقدارى ئىدىم. ئۇھۇد ئىچىدىكى جەڭدە شېھىت بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى قولۇمغا ئېلىپ ھاۋادا ئۇچۇپ، ئۇشبۇ دىيارغا چۈشتۈم. بۇ يەردە مەنزىل تۇتۇپ يېتىۋاتىمەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قەشقەرنى بىزنىڭ نەسىبىمىز بېرىپ مۇسۇلمان قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۇلارغا يار بولۇپ، ئىلتىپات قىلىشىمىز لازىم دېگەن ئىدى. شۇنىڭغا بىنائەن سىلەرگە يار ئىلتىپات قىلىش ئۈچۈن بۇ جاينى مەنزىل قىلدىم. دىنسىزلارنىڭمۇ ياتىدىغان مەنزىلى مۇشۇ جاي بولىدۇ، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھەزرىتى ئىماملار ھەسرەت، نادامەت بىلەن بۇ جايغا بايراق تىكلەپ، نىشانە قىلىپ دۇئا — تەكبىر ئېيتىپ، مەنزىللىرىگە ياندى. لەشكەرلەر توپلىشىپ كېلىپ ھەزرىتى ئىماملارنى مۇبارەكلىدى. ئاندىن:

— ئەي پادىشاھلىرىم، ھەزرەتلىرى ئۇلۇغ كاتتىلاردىن تۇرسىلا كاپىرلار كۆزگە ئىلمىغاندەك قورغاندا نەغمە - ناۋا قىلىشىۋاتىدۇ. بىر كۈنى بىز بىر نەچچە يىگىتلەر بارغان ئىدۇق. كاپىرلار بىر قوتۇر تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا ناغرىنى باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى قېچىشىپ كېتىپتۇ. تۆگە قۇيرۇقىنى پولاڭلاتقاندا ناغرا ئاۋازى چىقىدىكەن، — دەپ ئەرز قىلدى. ھەزرىتى ئىماملار

ئۇشلۇق سۇلتان شاھ قاسىمغا.
— ئۇلارنىڭ ئۇۋۇسىنى بۇزۇڭلار! — دەپ ئەمر
قىلدى. ھەزرىتى شاھ قاسىم ئۆز لەشكەرلىرىنى باش
لاپ بىر مۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن بىر قەلئەگە
يەتتى. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كاپىرلار يوشۇرۇن
ياتقان ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولدى.
ئاخىر كاپىرلار جەم بولۇپ كېلىپ ھەزرىتى شاھ قا
سىمنى شېھىت قىلدى. (قالۇئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى
راجىئۇن) ھەزرىتى ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن لەش
كەرلىرى ھەزرىتى شاھ قاسىم شېھىت بولغان يەرگە
كېلىپ ھازا ئېچىپ ماتەم تۇتتى. ئاندىن ھەزرىتى
ئىماملار:

— بىزمۇ مۇشۇ يەردە ياتقۇدەكمىز، كۆزىمىزگە غەرق
قان كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ ئېيتتى، ئاندىن ئىنتايىن پەرى
شان بولغان ھالدا كاپىرلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ،
نۇرغۇن كاپىرلارنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. كەچ
بولدى. جەڭگاھنىڭ بىر تەرىپىگە ھەزرىتى ئىماملار،
يەنە بىر تەرىپىگە كاپىرلار كېلىپ چۈشتى. ھەزرىتى
ئىماملار ئۇلۇغ ئەرۋاھلارغا تەۋەججۇھ قىلدى. ئەرۋاھ
لار «ئەي ھەزرىتى ئىماملار، يات يېقىندا بىزگە قېتى
لارسىزلەر» دەپ بىشارەت بېرىپ، كۆزدىن غايىب
بولدى.

تاڭ ئاتتى. ھەزرىتى ئىماملار نامازغا تۇردى.
ئۇلار نامازدىن پارىغ بولۇپ سەپ راستلاپ بولغۇچە
كاپىرلار سەپلىرىنى راستلاپ بولدى. ھەزرىتى ئىماملار

دەرھال سەپلىرىنى راستلاپ پۈتۈن لەشكەرلەرگە:

— كاپىرلارنىڭ ئۈرۈمچى سوۋۇپ بولغۇچە تېزدىن بېرىپ ئۇرۇپ سوقۇڭلار، — دەپ يارلىق قىلادى. شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، نۇرغۇن كاپىرلار ئۆلدى. بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار شېھىت بولدى. ئۇ كۈنى قەيتۇس مەغرىبنى ئىنتايىن قاتتىق جەڭ قىلىپ يۈزدىن ئارتۇق كاپىرنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. كەچ بولدى. ھەممە لەشكەرلەر ناغرا - سۇناي‌لىرىنى چېلىشىپ ئۆز مەنزىللىرىگە يېنىپ چۈشتى.

كېچىسى ئۇشتۇرمتۇت ئىككى ئىت پەيدا بولۇپ قالدى. ھەزرىتى ئىماملار ئاتاي دەپ ئوقيانى ئالغان ئىدى، يېنىدىكى بىر كىشى:

— بۇ ئىتمۇ خۇدانىڭ مەخلۇقاتى، ئارام ئالسۇن، — دەپ ئاتقىلى قويمىدى. بۇ ئىتلار ئەسلىدە ئىت تېرىسىنى يېپىنىپ، ئىت سۈرىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلار ئىدى. ئۇلار كېچىدە، مۇسۇلمانلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مەزگىلدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، يانىڭ كىرىچلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، قىلىچلىرىنى غىلاپقا يەلىملىۋېتىپ، ئۈزەڭگىنىڭ سول تەرىپىنى كېسىۋېتىپ قېچىپ كەتتى.

— تاڭ ئاتتى. ئەزان ئوقۇلدى. ھەزرىتى ئىماملار نامازغا تۇردى. ئۇلار نامازدىن پارىغ بولغۇچە كاپىرلار سەپلىرىنى راستلاپ بولدى. ئۇ كۈنى نامازغا تۇرغان مۇسۇلمانلار بىر يۈز يەتمىش سەپ بولغان ئىدى. ئىماملىققا ھەزرىتى خوجا ئابدۇللا ئەللامە ئۆتت-

تتى. ئۇ قىسقا سۈرىنى قىرائەت قىلاي دېگەن ئىدى. بىراق قىسقا سۈرە يادىغا كەلمەي ئۇزۇن سۈرە — سۈرە بەقەر① يادىغا كەلدى. ھەزرىتى خوجا ئابدۇللا ئەللامە سۈرە بەقەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇسۇلمانلار نامازدىن پارىغ بولغۇچە، كاپىرلار ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ سەپ سىپى بىلەن كىرىپ مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرلەپ شېھىت قىلادى. ئۇڭ تەرەپكە سالام بېرىپ بولغۇچە بىر يۈز يەتمىش سەپ كىشىدىن ئۈچ سەپ قالدى، قالغانلار شېھىت بولدى. ھەزرىتى ئىماملار دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئات قارىندا قان كەچمىسەم ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ھەرگىز تارتمايمەن، — دەپ ئەھدە قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئەمما قارىسا قىلىچ غىلاپقا يەملەكلىك، يانىڭ كىرىچى ئۈزۈكلىك، سول تەرەپتىكى ئۈزەڭگىلەر كېسىكلىك تۇراتتى. ھەزرىتى ئىماملار تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، نەرە تارتىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ كۈنى پۈتۈن ئاسمان پەرىشتىلىرى جەڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ھەزرىتى ئىماملار گەرچە مۇسىبەتتە بولسىمۇ، ئەمما ھوشىنى يوقاتماي كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ مۇناجات قىلىپ، گاھ ئوڭغا گاھ سولغا بۇرۇلۇپ شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى.

① سۈرە بەقەر — قۇرئان كەرىمدىكى 286 ئايەتلىك ئەڭ چوڭ بىر سۈرىنىڭ ئېتى.

پىشىن ۋاقتى بولغان ئىدى، ھەزرىتى شەيخ سەيىد جالالىدىن باغدادى ھەزرىتى ئىمام ئالاۋىدىندىن ئايرىلىپ كاپىرلارنى قوغلاپ بىر چوڭقۇرغا يەتتى. بۇ يەرگە بىر مۇنچە كاپىرلار يوشۇرۇنۇۋالغانلىقتىن، ئۇلار جەم بولۇپ كېلىپ ھەزرىتى شەيخ سەيىد جالالىدىن باغدادىنى شېھىت قىلدى. «قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» ھەزرىتى شەيخ سەيىد جالالىدىن باغدادىنىڭ لەشكەرلىرى پىرگۇستازىنى شېھىت بولغان يېرىگە دەپنە قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى كاپىرلارنى قوغلاپ تاغ تەرەپكە راۋانە بولدى.

كاپىرلارنىڭ لەشكەرلىرىدىن مىڭ كىشى بىر پىنهان يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. ئۇلار بىر كۈنى ھەزرىتى ئىماملارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتكارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ھارامزادىلەر ئۇ خىزمەتكارلاردىن: «ھەزرىتى ئىماملارغا نېمە سەۋەبتىن تىغ تەسىر قىلمايدۇ؟» دەپ سورىدى. خىزمەتكارلار:

— نامازغا تۇرغان ۋاقتىتىن باشقا چاغدا تىغ تەسىر قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. قازايۇ قەدەر شۇنداقكى، بۇنى ئاڭلىۋالغان بەد — بەخت ھارامزادە كاپىرلار ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، توپلىشىپ كېلىپ، ئىماملار سەجدىدە تۇرغاندا، سەپمۇ سەپ ئارىلاپ كىرىپ ھەزرىتى ئىماملارنى ۋە نامازغا تۇرغان باشقا مۇسۇلمانلارنى قويى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ شېھىت

قىلدى. ئاندىن توغنى ئالاي دېگەن ئىدى، توغچى توغنى بەرمىدى. توغچىنىڭ قولىنى كەستى. توغچى توغنى تىزىغا ئېلىپ تۇتقان ئىدى، تىزىنى كەستى. بويىنىغا ئېلىپ تۇتقان ئىدى، بوينىنى كەستى. شۇنىڭ بىلەن توغ ھاۋاغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئارقىدىنلا كۈن تۇتۇلۇپ جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئاسماندىن ئاۋاز كەلدى. يەردىن غەۋغا چىقتى. بۇنىڭدىن قورققان كاپىرلار ماچىن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. مۇشۇ ھالەتتە ئون كۈن ئۆتتى. ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىققاندىن كېيىن قالغان لەشكەرلەر جەم بولغان ئىدى. ئاران قىرىق بىر كىشى قېلىپتۇ. ئۇلار بىھوش بولۇپ، باشلىرىغا تۇپراقلارنى چېچىپ، ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ئاياغلىرىغا يۈزلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئەي پادىشاھلىرىمىز، بىز ھەر بىرلىرىدىن بۇرۇن جان بەرگەن بولساق، بۇ ھالنى كۆرمىگەن بولاتتۇق، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇنچە لەشكەردىن ئايرىلىپ مادايىنغە نېمە دەپ بارىمىز؟ ئەگەر بۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالساق غېرىبچىلىقتا قانداق ئىشلەيمىز؟ — دەپ زار - زار يىغلىشىپ، ياشلىرىنى باھار يامغۇردەك ئېقىتىشتى. شۇ ۋاقىتتا غايىبتىن:

— ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ بىزنى چۆرىدەپ يۈرۈڭلار. كىم ئىسلامغا قەست قىلسا، ئۇنى ئۇرۇپ ئىسلامغا يار بولۇڭلار! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئاۋاز تامام بولۇشى بىلەن تەڭ قىرىق كىشى كۆزدىن غايىب بولدى. پەقەت بىرلا كىشى قالدى، ئۇنىڭ

ۋالىدەسى ماۋرە ئۇننەھەــرىدە ھامىلدار بولـۇپ، ئۇنـــه
ماچىندا تۇغقان ئىدى. ئېيتىشى خىزىر بابـا دەيتتى،
بىر كۈنى ھەزرىتى ئىماملار:
ــ سـەن بىزنىڭ قەبىر پايىمىز بولغىن، ــ دەپ
ئېيتتى. خىزىر بابا:
ــ ئەي پادىشاھلىرىم، مەن نىمە ئىش قىلىمەن،
ھازىر ئۆزۈم تەنھا. بۇ يەردە غېرىپ بولۇپ قالدىم،ــ
دەپ مۇناجات قىلىپ يىغلىدى. شۇ كۈنى ئىمامــلارــ
دىن ئۇندىغا:
ــ سەن بىزنىڭ قەبىرپايىمىز بولـغىـن، بـۇنـىـە
ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا ئېيتقىن. بـــىز ئۇــ
نىڭغا: «قانداقلا يەردە شاھادەت شەربىتىنى ئىچـــەڭ
جەسىتىمىز ئوچۇق قالمىسۇن، بىزنىڭ چىرىغىمىزنى
ياندۇرۇپ، نازىنىمىزنى نايىنتىدىغانلىغا ئادەم تەيىنلەپ
ۋەخپە بەلگىلەپ، تۇغ ئەلەم باغلاپ، ئاستانىمىزغا
خىزمەتكار قويغايسىز دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدۇق، ــ
دېگەن بىشارەت بولدى.
ھەزرىتى بابا يىغلا ــ يىغلا ئاخىر قەشقەر تەـ
رەپكە قاراپ راۋانە بولدى. ئۇ يەرگە بېرىپ ھەزرىـ
تى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا خەۋەر بەردى. شۇ زامان
يۈسۈپ قادىرخان غازى ئاتلىنىپ ئۈت كېچە كۈندۈزــ
دە يېتىپ كەلدى. قارىسا ھەزرىتى ئىماملارنىڭ مۇباـ
رەك تەنلىرى باشلىرىدىن جۇدا بولـۇپ ئەرق قىـان
ئىچىدە يېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يەنە ھوــ
شىغا كەلدى. ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى گويا سايىنىڭ تىشىـ

دەك ياتقان بولۇپ، قايسى كاپىرنىڭ ئۆلۈكى، قايسى مۇسۇلماننىڭ ئۆلۈكى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا: «ئىلاھا!؟ بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ تېنىنى قانداق ئايرىيمەن؟ ھەقسەن، ھازىر سەن، دانا سەن، بىنا سەن، بارچىغا مەخپىي بولغان سىر - ئەسرارلارغا ئۆزۈڭ ئالىمسەن...» دەپ، بېشىنى سەجدىگە قويۇپ مۇناجات قىلدى. شۇ زامان بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئاسماندىن يامغۇر ياغدى. تاغلاردىن سەل كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ تېنىنى ئۇدۇل، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويدى. كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكىنى بولسا دۈم، يۈزىنى يەرگە قارىتىپ قويدى. ئاندىن كېيىن كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكىنى قازاندەك قارا، مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنى بولسا قاردەك ئاق قىلىپ قويدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى يارانلىرى بىلەن كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكىنى چۆل - جەزىرىلەرگە ئاپىرىپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنى، نامازلىرىنى ئۆتەپ دەپنە قىلدى. تۇغ - ئەلەملەر قادىدى. خىزىر بابانى شەيخ، قىرىق كىشىنى خىزمەتكارلىققا تەيىن قىلدى. قازانلىرىنى قايىنىتىپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، ھەزرىتى ئىماملارنىڭ ھەققىدە دۇئا تەكبىر قىلدى. قەشقەر زېمىنىنىڭ نەزىر - نىيازلىرىنى، زاكات ۋە يېمەكلىكلىرىنى ھەزرىتى ئىماملارنىڭ داش قازانلىرىغا، خىزمەتكارلارغا ھەدىيە قىلدى.

ھەزرىتى ئىماملارنىڭ شېھىت بولغان ۋاقتى

تارىخقا ئۈچ يۈز توقسان، زۇلھەججەنىڭ ئونى، پەيشەن-
بە كۈنى ئىدى. ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى
ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە كېلىپ، ئىماملارنىڭ مۇبارەك
قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇپ،
قازانلىرىنى قاينىتىپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ مەدەت،
ئىستىئانەت تىلەپ ياناتتى.

بەزى كىتابلاردا مۇنداق يېزىلغان: ھەر ھاجەت-
مەن بەندە بۇ بۇزرۇكۋارلارنى زىيارەت قىلىپ، نە-
زىر - چىراغ، دۇئا تەكبىر ئۆتكۈزۈپ، تىلىكىنى
ئاللاتائالادىن تىلىسە بۇ زاتلارنىڭ ھۆرمىتى بىلەن
ئىنشائاللا جىمى ھاجەتلىرى راۋا، مۇشكۇللىرى ئاسان
بولغاي، قىيامەت كۈنى ھەزرىتى ئىماملارنىڭ تۇغلى-
رىنىڭ تۈۋىدىن ئورۇن ئالغاي، ھەزرىتى ئىماملارنىڭ
شاپائەتى، ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ
بېھىشكە كىرگەي.. كىمكى ھەزرىتى ئىماملارنى ئىنكار
قىلسا ئىماندىن ئايرىلغاي، قىيامەت كۈنى يۈزى قارا
قوپقاي.. ھەرقانداق كىشى ئىماملارنىڭ تەزكىرىلىرىنى
ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، ئۇلار ھەققىدە نەزىر بېرىپ، ئۇلار-
نى شەپى كەلتۈرۈپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلسا ئىنشا-
ئاللا، ھاجەتلىرى راۋا بولغاي، بۇنىڭدا ھېچ شەك
يوقتۇر. ماختاشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالاغا خاستۇر،
چۈنكى ئاللاتائالا پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى.
شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئاللانىلا مەدھىيىلەش كېرەك.

ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم ئىماملىرىم
مازىرىدىن يارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ جوقتى رىشىدە

نوكتى رېشىدلەردىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن يولغا راۋانە بولدى. چىن ماچىندىكى بىر دالىدا جوقتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەرنى قوغلاپ يەتتى. بۇ يەردە شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، قانلار دەريادەك ئاقتى. جوقتى رېشىد، نوكتى رېشىدلەر جەڭدە يېڭىلىپ جاڭگالغا قاراپ قاچتى. ئىسلام لەشكەرلىرى بۇ ئىككى شۇم كاپىرنى ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ قورشاپ تۇتۇپ ئۆلتۈردى، باشلىرىنى نەيزىگە سانجىپ قويدى. قالغان كاپىرلارنىڭ بىر قىسمى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، يەنە بىر قىسمى قورقۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان غازى چىن ماچىننى ئىسلام بىلەن ئاۋات قىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

# بۇغراخانلار تەزكىرىسى

ئاپتورى: موللا هاجى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت

مۇھەررىرى: قۇربان ۋەلى

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 5.5625، قىستۇرما ۋارىقى: 3

1938 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 14150

---

ISBN7 — 5373 — 0084 — 4/K 5

باھاسى: ... يۈەن

بۇ كىتاب مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 1987 - يىللىق نەشر قىلىش پىلانىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

بۇ كىتابتا قاراخانىلار خاندانلىقى (مىلادى 850 - يىلدىن 1212 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قاتارلىق خانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

本书叙述喀拉罕王朝(公元850—1212)的可汗萨图克布格拉罕等诸可汗为了接受和传播伊斯兰教而进行的社会活动·

# 布格拉汗列王传 (维吾尔文)

作者：毛拉·阿吉

刊布者：阿布都热依木·萨毕提

编辑：库尔班·瓦力

责任编辑：托合提·阿布汗

责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

---

喀什维吾尔文出版社出版

新 疆 新 华 书 店 发 行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 5·5625印张 3播页

1988年3月第1版 1988年8月第1次印刷

印数：1—14150

---

ISBN7—5373—0084—4/K·5 (民文)

定价：87.元